# «ھەل قىلىش» پاجىئەسى

**(پوۋېست)**

**مەمتىمىن قادىر**

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2015-يىلى 9-ئاي

www.uyghurkitap.com

# 1

باش باھار .

ياز پەسلىنىڭ ھارارەتلىك قەدىمىگە يول باشلاپ بارا-بارا جەنۇپقا سۈرۈلۈۋاتقان غەربىي شىمال شاملى تۈنجى بولۇپ تەبىئەت بىلەن تەبىئەتتىكى جانلىقلارنىڭ تومۇرىنى تۇتاشتۇرۇپ پۈتۈن كائىناتنى ياراتقۇچى ئانا زىمىنىنىڭ تىوگىنى ئېرىتىشى بىلەن تەڭ يەردىن بوشانغان چىرگەن غازاڭلار ھەر يان ئۇچۇپ، يۈيۈنماقچى بولغاندەك ئەگىز سۇلىرىغا ئۆزىنى ئېتىشماقتا. قىر-قىرىملاردىكى ئاندا-ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان يالڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەر ۋە ئۇنىڭ كۆتمەك شاخلىرىدا ئۇسا يەرلەردىكى تاپقا تەشنا بولغان ھالدا ئاچلىقتىن ھالسىراپ ئولتۇرغان قارا قاغىلار شۇ قەدەر كۆرۈمسىز ئىدىكى، كىشلەرنىڭ ھۇركۈتۈپ ۋارقىراشلىرىغا، چالما ئېتىپ قوغلاشلىرىغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي ھاياتلىقتىن ئۈمۈدىنى ئۈزگەندەك ئەنسىز قاقىلداشماقتا.

ئېرىقلارنى رىمنۇت قىلىش، ئېتىز قىرلىرىنى قاشالاش، يەرگە ئىشلەش قاتارلىق تېرىقچىلىق تەييارلىقلىرىنى بىرەر قۇر قىلىپ بولۇپ،خېلى كۈنلەردىن بىرى پەقەت ئۇسا سۈيىگىلا قاراپ قالغان تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى چېتىدىكى بوستان مەھەللىسىدە كىشلەر مارت ئېيىنىڭ ئاخىرقى سەھرىدىكى تەنلەرنى شۈركەندۈردىغان سوغۇقىدا چاپانلىرىنىڭ ياقىسىنى ئۆرۈپ، تۇماقلىرىنى چۆكۈرۈپ ئۆستەڭ بويىدا، سۇ كويىدا توپ-توپ بولۇشۇپ تۇرۇشماقتا.

چار يىلاندەك تولغاشقان كەنىت تاشيولىدىن قويۇق توپا تورۇتوپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا كەينىدىن تاپ باسۇرۇپ ، توپا-چاڭ ئارىسىدا بىر كۆرۈنۈپ بىر كۆرۈنمەي، ئۆزىنى خۇددى كۆكتە بۇلۇت يېرىپ ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاندا ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇۋاتقاندەك قىياپەتتە موتو-سكلىتىنىڭ ئارقىسىغا سۇ كادىرىنى مىندۇرۋېلىپ كېتىپ بارغان كەنىت سېكرتارى ئابلەتنى كۆرگەن پاتەمخان قولىدىكى سۈپۈرگىنى تاشلاپ،يۈگۈرگەن پېتى ھويلىغا كىردى ۋە نەچچە كۈندىن بىرى كېۋەز تېرىيدىغان يەرلەرنىڭ ئۇسا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن جىلە بولۇپ ، ھويلىدا ئۇيياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن سەمەتاخۇننى كۆرۈپلا خۇددى بىر كالالەك ئالتۇن تېپىۋالغاندەك، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

ــ ھوي دادىسى، قارىسلا شاڭجاڭنىڭ ماشىنسى كېتىۋاتىدۇ، سۇ توغرىسىدىن كەلدىمىكىن.

ــ ھەي ئەخمەق خوتۇن، سەن نېمىنى بىلەتتىڭ؟ ئۇ مەھەلىمىزدىكى ياسىن كىراكەشنىڭ ماشىنىسىمىكىن، ــ دېدى سەمەتاخۇن ئايالىنىڭ گېپىگە ئىرەنشىمگەندەك قىياپەتتە.

ــ مەن بىلمەي قالاتتىممۇ شاڭجاڭنىڭ ماشىنىسنى ، ئارقىسىدا زاپاس چاقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسا، تىزراق يەڭلىرىنى سىپىپ، بېرىپ باقسىلا ــــ دېدى تامدىكى مىخقا ئېسقلىق

چاپاننى ئېلىپ سەمەتاخۇننىڭ ئۇچىسىغا ئارتىۋاتقان پاتەمخان .

سەمەتاخۇن ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى كونىراپ قالغان ۋېلسىپىتىنى مىنىپ كەنىت قورۇسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ھەر كەلگەندە ئابلەتتىن تىگىشلىك «نېسىۋىسى»نى ئېلىۋېلىپ كۆڭلى تىنغاندىن كېيىن كەنىت قورۇسىغا بېرىشقا ئادەتلەنگەن ساشاڭجاڭ شۇ ئەنئەنىۋى ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئېھتىياجىدىن، ھېلى تېخى زاپاس چاق چاپلانغان « ئارقا ئىشكى» تىمساقنىڭ ئاغزىدەك يوغان ئېچىلغان ھالدا ئابلەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىغان ماشىنىسى سەمتاخۇننىڭ كەنىت قورۇسىغا كېلىشىگە ئۇلىشىپلا كەلدى . قورسىقى سامان تىققان خالتىدەك پومىيايغان، سوغۇق ئانچە بوشىمىغان بولسىمۇ كۆينەك ئۈستىگە يېلىك چاپان كىيىۋالغان، كۆينەككىنىڭ تۈگمىللىرى ھېلىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك ئىككى پىشنى ئاران ئۇلاشتۇرۇپ تۇرغان، ھەر ئىككى تۈگمە ئارىسىدا چىڭىدالغان ئىتى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنۈپ قالغان ساشاڭجاڭ پارقىرتىپ مايلانغان خۇرۇم ئايغىنىڭ توپا بۇلۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، ماشىنىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا چۈشۈپ، پاچىقىغا لاتا چىگىلگەن تۆت كۈنلۈك تەخەيدەك ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ، بىر قانچە دېھقان ۋەكىلى ۋە كەنىت كادىرلىرى تۇرغان جايغا كەلدى .

ــ ھە، نېمە ئىش ئىدى ئۇ،نەچچە كۈندىن بىرى يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بۇنچە توپلۇشۇپ بېرىپ مېنى ئىزلەپ دېگۈدەك؟ــ دېدى ساشاڭجاڭ ئالدىدىكى ئابلەتقا ئىڭكىنى شىلتىپ.

ــ يەرلەرنى بىر ئوسا قىلىۋالساق، شۇ سۇنى قاچان بىردىغاندۇ بىزگە دەپ... ــ دۇدۇقلىدى سۇ توغرىسىدا گەپ قىلىپ ساشاڭجاڭدىن كۆپ قېتىم دەككىسىنى يىگەن ئابلەت.

ــ مەن ساڭا دېگەنغۇ،بۇ يىل يېزىمىزغا يۇقىردىن بەرگەن سۇ ئاز، شاخ-قوزۇق پۈلى يىغىپ قوي،غول ئۆستەڭنىڭ ئاغزىنى توسۇپ، سۇنى ئاۋۇتمىساق بولمايدۇ، دەپ. كۈندە دېھقانلىرىڭنى ئەگەشتۈرۈپ، قۇرۇق قول كىلىپ مېنى ئىزدىسەڭ مەندىن سۇ چىقاتتىمۇ؟ سۇنىڭ كىلىش-كەلمەسلىكى ئۆزەڭنىڭ دىتىغا باغلىق! بىلىپ قوي« يىغلىغىنىڭغىلا ئەمچەك سالدىغان» زامان كەلمەسكە كەتتى، ھازىر چۇ «بىكارغا مۆشۈك ئاپتاپقا چىقمايدىغان» زامان بۇ! سۇ ، سۇلا دىمىدىغان، سېنىڭكىدەك تەپسە تەۋرىمەيدىغان قەلەندەر كەنتتىن بىر قانچىسلا قالدى، ئەمدىغۇ گېپىمنى چۈشەنگەنسەن، ــ مەقسىدىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن خېلىلا چىڭقالغان ساشاڭجاڭ شوپۇرى تەڭلىگەن «قىزىل كالا» ئېچىملىكىدىن غورتۇلدىتىپ بىرقانچىنى يۇتۇۋالدى.

ــ چۈشەندىم شاڭجاڭ، چۈشەندىم. مەن بۈگۈنلا ئۇرۇنلاشتۇرۇشلىرىنى ئامىمغا يەتكۈزۈپ، ئىددىيسىنى ھەل قىلىپ، قاشلىرىغا ئەمدى سۇ دەپ بارمايدىغان قىلىۋېتىمەن، ــ دېدى ئابلەت قول باغلاپ، بەللىرىنى يادەك ئېگىپ، بېشىنى پوق چوقۇۋاتقان توخۇدەك گىلدىڭشىتىپ.

ــ نېمىنى چۈشەندىڭ، نېمىنى! ھەي مىڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان ئەبگا، خىزمەت قىلىشنىڭ يولىنى بىلەمسەن ــ يوق؟ مەن ساڭا سۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى كۆرسىتىپ قويدۇم، ماۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىزمەتنى يەنە ئىشلىگىلى بولسا، يولىنى ئۈزۈك قىل !

ــ مېنىڭ سىلىگە دېگەن ھېلىقى ئىشىمنى ...، ــ ساشاڭجاڭ ئابلەتقا قايناپ بولۇپ ئارقىغا ئۆرۈلۈپ بىر چامدىشىغىلا كەينىدىن تەڭ چامدىغان ئىمام ئاخۇنۇم شۇنداق دەپ ئىغىز ئىچىشى بىلەن تەڭ جىلە بولغان ساشاڭجاڭ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى.

ــ سىلىمۇ جامائەتكە باش بولۇپ مېھراپتا ئۈزۈنراق ئولتۇراي دېسىلە،سۇ ھەل قىلىش ئىشىدا ئابلەتكە يېقىنراق تۇرسىلا، ئۇ ئىشلىرىنى بۇ قېتىمقى ئىپادىللىرىگە قاراپ ھەل قىلىمىز. جىلچىلىكتە قانسىرغان ئۆپكىدەك قىزارغان ساشاڭجاڭ ئايغىنىڭ تويا بولۇشىنىمۇ ئىسىدىن چىقىرىپ، ئۇسىلىقا قونغان قاغىدەك ئىغىناپ مېڭىپ ماشىنىغا چىقىپ ئىشكىنى ياپتى.ئابلەت بىلەن ئىمام ئاخۇنۇمۇ ئانسىغا چىتىپ قويغان ئوغلاقتەك شاڭجاڭغا ئەگىشىپلا ماشىنا ئىشكىگە بېرىپ بولغان ئىدى. ئۇلار پەسكە چۈشۈرۈلگەن ماشىنا ئەينىكىدىن بېشىنى تىقىپ، شاڭجاڭ بىلەن بىر نىمىلەرنى دېيىشتى ۋە ئەتە ئىشخانىسىدا كۆرشىدىغانلىقىنى پۈتۈشۈپ خوشلاشتى. شۇ تاپتا ئابلەت ئاممىغا پەش قىلىپمۇ،يالۋۇرىپمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان تاتلىق خىياللىرىنى مانا ھازىر سا شاڭجاڭنىڭ ئۆز ئاغزى ئارقىلىق دېھقانلارغا، بولۇپمۇ ئاشۇ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان سەمەتاخۇن قاتارلىق بىر نەچچە كۆكەرمىگە يەتكۈزەلىگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى.

ــ مانا دېمىدىممۇ ، شاڭجاڭنىڭ تىلى ھالال دە بىزگە. سىلەرگە ئازراق بىر نەرسە يېغىش قىلىپ، سۇنى ھەل قىلىش توغرىسىدا تولا سۆزلەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كېتەيلا دېدى، ئەمدىغۇ ئىشەنگەنسىلەر؟ ھازىر دېگەن زامان شۇنداق. ئاشۇ ئاياغ كەنىتتىكى قاسىم جىنىدا يېزىدىكىلەرگە ئوغلاق گۆشىدە كاۋاپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ياناپ ھەرقايسىنىڭ چۆنتىكىگە ئاز-راقتىن بىر نەرسە تىقىۋەتكەچكە مانا ھازىر يەرلىرى كىلىشىپ قوش سالدى، بىزمۇ شۇنداق قىلايلى دېسەم تۆت پۇتۇڭلار ئۆرە تۇردى،ــ دېدى ئابلەت ئۆزىنىڭ خىيالىنى دەللەپ.

ئەمما بۇ رېئاللىق ئىدىيىسىدىن ئۆتىمىگەن، تويا يەردە زوڭ ئولتۇرۋالغان سەمەتاخۇن بېگىز بارمىقى بىلەن بىر تەرەپتىن يەرگە يېزىپ بىر تەرەپتىن ئۈنلۈك ھېسابات قىلىشقا باشلىدى.

ــ سۇنى ئىشلەتكەنلىكىمىزگە سۇ ھەققى بېرىۋاتىمىز ،يەنە سۇنىڭ راۋان ئېقىشى ئۈچۈن ناھىينىڭ، يېزىنىڭ چوڭ ئۆستىڭىنى، كەنىتنىڭ ئېرىقىنى چېپىۋاتىمىز.دېمەك، بىز سۇنى ئاللا بۇرۇن ھەل قىلغاچقا ئېرىقتا پولدۇڭشىپ ئېقىۋاتامدۇ ئەنە! يەنە نېمىنى ھەل قىلماقچى سەن؟

ــ ئالدىنقى قېتىممۇ سەن مۇشۇنداق كوتۇلداپ يۈرۈپ سۇ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كەتتى، ــ دېدى ئابلەت قولىنى شىلتىپ.

ــ سەن شۇنداق كۆندۈرۈپ قويغاچقا يەنە بىر نەرسە تەمە قىلىپ،ئارقىغا سۈرۈلدى بۇ يىلىزى قىلىن سۇ! ــ دېدى سەمەتاخۇن زەردە بىلەن.

ــ كەنتتىن بەرگەن«ئۈچ پىششىقدەم»لىك پۇلىنى، قۇتقۇزۇش پۇلىنى ئېلىشنى بىلسەڭۇ، ئالغا

بىسىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئازراق بىر نەرسە بەر دېسە تۆشۈكنى چىقىرىپ،قېرى ئىشەكتەك ئارقىغا تىرەجەپلا تۇرسەن، زادى نېمە دېمەكچى سەن! ــ ۋارقىردى ئابلەت سەمتاخۇنغا ئېتىلىپ.

ــ ئۇ پۇلنى بىزنى خەجلىسۇن دەپ ھۆكۈمەت بەرگەن،ئابلەتنىڭ سۇ ھەل قىلىشى ئۈچۈن بىرىڭلار دېمىگەن! ــ دېدى سەمتاخۇن ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، ـــ نىيمشقا بەرگۈدەكمەن، ئۇنىڭسىزمۇ ھەر قېتىم سەن چاڭگىلىڭ تولغۇدەك تۇتۇۋېلىپ، ئاشقىنىنى بېرسەنغۇ.

ــ چىدىيالمىغان بولساڭ يەرنى كەنىت كوللىكتىپىغا تاپشۇرۇپ، بۇ مەھەلىدىن يوقال! ـــ ۋارقىرىغان ئابلەت سەمتاخۇننىڭ دولىسىدىن زەردە بىلەن ئىتتىرۋەتتى.

ــ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق! ـدېدى سەمتاخۇن يىقىلغان يېرىدىن ئۆرە بولغاچ ئېلىۋالغان بىر سىقىم توپىنى ئابلەتنىڭ ئالدىغا چېچىپ، ــ سېنى چوڭ قىلىپ، زۇۋانىڭنى بۇنچە جانلىق چىقارغان بۇ مۇنبەت زېمىن، قاپ يۇدۇپ گەجگىمىزنى يېغىر قىلىش بەدىلىگە ئەھيا بولغان!

ــ بىلىپ قوي، زېمىن دۆلەتنىڭ ! ــ سىياسەت سۆزلەشكە باشلىدى ئابلەت كەنتنىڭ تېمىغا قىزىل سىردا يېزىلغان خەتنى كۆرسىتىپ، ــ سەندەك قارا قورساق دەلتىلەر قالايمىقان سۆزلەپ، يۇرۇتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا دەخلى قىلمىسۇن دەپ بالادەك قىلىپ يېزىپ قويدۇق ئەنە!

ــ سەن ئەقىللىق بولغاندىكىن دەپ باقە، ئۇنداقتا مەن كىمنىڭ؟ بىلىپ قوي، مەنمۇ دەل دۆلەتنىڭ بىر گرەۋدانى! ئەگەر سەنلەر ئاشۇ تامغا يېزىلغان خەتكە قاراپلا ئىش قىلىشىدىغان بولۇشساڭ ھازىرلا مەنمۇ ئىسمىمنى تامغا يېزىپ قوياي! ــ سەمتاخۇن شۇنداق دەپ، قولىغا بىر سىغىز چالمىنى ئېلىپ ئاشۇ خەتنىڭ ئارقىسىغا ئۇلاپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يېزىشقا باشلىدى.

ــ نېمە ئىش قىلماقچىسەن؟ دۆلەتنىڭ پەرمانىنى كۆزگە ئىلمىغىدەك قانچىلىك نېمە ئىدىڭ، ۋۇھ ئۆلۈمتۈك قېرى! ــ ۋارقىراپ يۈگۈرۈپ كەلگەن ئابلەت سەمتاخۇننىڭ قولىدىكى چالمىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ گېلىدىن تۇتۇپ ئىتتىرۋەتتى .

ــ سەمتاخۇن تولا تېرە تاراقشىتماڭلا! شاڭجاڭ ھەل قىلىڭلار دېدىمۇ، شۇ بويىچە ھەل قىلىمىز، شۇنداقمۇ ئابلەتاخۇن، ــ دېدى ياندا تۇرغان ئىمام ئاخۇنۇم ساقاللىرىنى دىرىلدىتىپ.

ئايغىمىزدىكى كەنتكە ئىشلىك ئالدىمىزدىكى ئۆستەڭدىن سۇ ئۆتكىنى مانا ھەپتە بولدى . كۆزىمىزنى قىزارتىپ ئېرىق بويىدىن كېتەلمىدۇق، يا سۇنى تاقاق سېلىپ ئىتەلمىدۇق، نېمە كۈن بۇ بىزگە! ھەل قىلىساق قىلايلى دېيىشتى تەشنا بولغان كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بىردەك.

بۇ ئابلەتنىڭ سەمتاخۇن بىلەن تۇغقانىدارچىلىقنى ئۈزگەنىدىن كېيىن ئۈچىنچى قېتىم ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ، قول شىلتىپ چاپان چۆرىشى ئىدى. مانا بۇ قېتىم سەمتاخۇننىڭ داۋلىيلىرى پەقەتلا تو يىمدى، ھەتتا بىرىنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرشەلمىدى. دېمەك، «سۇ ھەل قىلىش» قارارى دېھقانلار ۋەكىلى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەستىقىدىن ئاساسەن ئوڭۇشلۇق ئۆتتى. شۇ بويىچە گۇرۇپپا باشلىقلىرى كەچ كىرىشتىن ئىلگىرى موغا كەلتۈرۈلگەن شاخ- قوزۇق پۇلنى تولۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يىغىپ ئابلەتكە تاپشۇردىغانلىقىنى، دەرھال يېزىغا بېرىپ سۈنى ھەل قىلىپ، ئامال بار كېچىچە بولسىمۇ ئاق يەرلەرگە باشلاش توغرىسىدا پۈتۈشۈپ تارقاشتى.

2

جىمجىت ئايدىڭ.ئۇسا ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىچى تىتىلداپ ئۇيقۇسى قاچقان سەمتاخۇن ئۆيگە ئانچە يىراق بولمىغان ئاق يەرلىرىنىڭ قىرىدا تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ ، ئۇزۇن چاپىنىغا يۆگىنىپ ياتتى. سالقىن شامال ئۇنىڭ بۇرنىغا تولىمۇ يىراقتا قالغان ياشلىقىنىڭ يېقىملىق ھىدىنى ئۇرماقتا.سەمەت قارام دېسە بۇ ئىسمنى مەھەلىدە كىم بىلمەيدۇ؟ قايسى بىر مۇھتاجلىقتا، خىجىلچىلىقتا، باش قېتىنچىلىقتا قالغان كىشى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولمىغان؟ قايسى بىر جېنى ئىچىگە پاتمىغان تەلۋە ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچۈمىگەن؟ ئۇ ھاجەتمەنىنىڭ دەردى ئەھۋالىغا يېتىپ، قاپىقى تېشىغا تېپىپ شىلتىڭ ئاتقانلارنىڭ بېزىنى ئېلىپ كەلگەن نوچى. يىگىرمە يېشىدىن تا ھازىرغىچە قىرىق نەچچە يىلنى ئېتىز ئىشى بىلەن ئۆتكۈزگەن مېھنەتكەش دېھقان . تولۇق ئوتتۇرغىچە ئوقۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسرىدە يۇقۇرلاپ ئوقۇيالمىغان، ئاق-قارنى بىلگۈچىلىكى بار كىشى. ئۇنىڭ تاشنى مىجسا ئۇن قىلىۋېتىدىغان كۈشتۈڭگۈر قوللىرىنىڭ ئىزى نۇرغۇنلىغان كىشلەرنىڭ ئۆيىنى سىلىشقان خىشلاردا، ئۆگزىسىگە سىلىشقان لايلاردا، تاملىرىدىكى كاكىل سۇۋاقلاردا بار. كۆپلىگەن چېپىشلىق كەتمەن، ھېلال ئايدەك ئىتتىك ئورغاقلارنىڭ بىسى ئاشۇ قوللاردا ئۇيۇلغان. ئۇ شۇ باتۇرلىقى، ھەققانىيلىقى، ئەمگەكچانلىقى بىلەن يۇرتنىڭ سەركىسگە ئايلىنىپ مۇشۇ مەھەلىنى ئون نەچچە يىل سورغان ئىستىداتلىق يۇرت بېشى. ئۇنىڭ مەسلىھەتىسىز مەھەلىنىڭ چوڭ ئىشلىرى قارار قىلىنمايتتى، نەزرە-چىراقلاردا ، توي-تۆكۈنلەردە داستىخان تارتىلمايتتى...ئۇ ئۆزىنىڭ پاك ياشاش روھى، ھالال تەرى ، كەڭ قورساق ، خالسلىقى بىلەن ئەنە شۇنداق ھۆرمەت - ئىناۋەتكە ئېگە بولغان ... ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يېشى ئاتمىشتىن ئاشتى، قېردى. رەھىمسىز يىللار ئۇنىڭ پالتاسىزمۇ قۇرۇق جىگدە ، ئۈرۈك ئوتۇنلىرىنى پارچىلىۋېتىدىغان گاڭ بىلەكلىرىنى ، ماڭسا گۈسۈلدەپ ئاۋاز چىقىرىپ يەرنى قاماللاپ ئىز قالدۇردىغان يىلپىزنىڭكىدەك كۈچلۈك پۇت-پاقالچاقلىرىنى ماغدۇرىدىن قالدۇردى. قىسقىسى، كىشلەر ئۆزلۈكىدىن ياتلىشىۋاتقان، مېھرى- مۇھەببەت سۇسلاپ ، شەخسىيەتچىلىك، ھۇرۇنلۇق چىرمىۋالغان بۇ يۇرتتا ، ئەقەللىسى بۈگۈنكىدەك سورۇندا ئۇنىڭ گېپى ئاقمىدى، قېرىغانسىرى ھۆرمەت-ئىناۋەتتىن ئايرىلدى. «قوينۇمدىن چۈشسە قونجۇمغا» دەپ سېخىلىق بىلەن بارنى تەڭ تالىشىپ يەپ، «جاھان مۇشۇنداقلا ئۆتۈدىغۇ» دېگەن خىيال بىلەن كۈچ-قۇدرىتىنىڭ بارىدا ئازراق بىر نەرسە غەملىۋالماي يۈرۈپ، ئەمدى قېرىغاندا، باشقىلارغا ھاجىتى چۈشىدىغان

مەزگىللەردە ئۇنىڭغا يانتاياق بولىدىغانلار چىقمايلا قالماستىن، قوينىدىن قونجىغا چۇشۇرگىنى مانا هازىر ئۇنىڭ جانسىز، تاراشىاق پۇتلىرىنى غاجاپ ئالدىغا چامداتمىدى. ئالاھەزەل ناشتىلىقنى سەمتاخۇننىڭ ئۆيىدە يەپ چوڭ بولغان ئابلەتمۇ ئۇ نەسھەت قىلسا توڭ تىگىدىغان بولۇۋالدى. رەھىمسىز رىئاللىق ساپلا قىز پەرزەنتلىك بولغان، ھەممىسنى ياقا يۇرتقا ياتلىق قىلىپ بولۇپ، يۆلەنچۈكسىز قالغان سەمتاخۇننى ئايالى پاتەمخان بىلەن سىرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلىپ، ئۇلارنى ھەسرەتلىك تىندۇرماقتا.

... ئاي چۈش بولدى. ئاي خۇددى سىلىق ھەركىتى بىلەن تەبىئەتنى ، بارلىق جانلىقلارنى ئۇخلاتماقچى بولغاندەك بىر خىل رىتىمدا ماڭاتتى.ئەمما سەمتاخۇننىڭ ئۇيقۇسى قاچقان،ئاي ھەر قانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇنى ئۇخلىتالمايدۇ. ھازىر ئۇ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغان ياشلىقىدىكى بەردەسلىكى، جۇشقۇنلىقى، مېھرى-مۇھەببەتلىك قايناق ھاياتىنى ئەسلەپ يۈرىكى ئېچىشماقتا، مۇشۇ يىللاردا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپمۇ توسۇشقا قۇدرىتى يەتمەيۋاتقان، ئامالسىز-لىقتىن ئۆزىمۇ شېرىك بولۇپ قېلىۋاتقان يۇرتىدىكى بولۇمسىزلىقلاردىن خۇددى چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك ئىچى ئاچچىق بولماقتا. ئۇ «ئۇھ» دەپ ھەسرەتلىك تىن ئېلىپ ياتقان ئورنىدىن سەل مىدىرلاپ،يەنە ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا چۇڭقۇر خىياللار دېڭىزىغا غەرىق بولدى.

بۇلتۇر دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تېرىقچىلىق قىلىشقا يېزىلىق ئامانەت قەرز كوپراتىپىدىن قەرز ئېلىش ئۈچۈن نەق ئالتە كۈن قاتراپ،ئۇلارنىڭ «مانا، ئەتە، ماتىريالىڭىز كەم ئىكەن، سېكىر-تارىڭىزدىن تونۇشتۇرۇش ئېلىپ كىلىڭ» دېگەندەك چوپىلىدا توختىمايدىغان، تەمە پۇراپ تۇرىدىغان باھانىللىرى كاللىسىدىن ئۆتمىگەن سەمتاخۇن بوغۇز ئىنىكىنى ساتقان ئىدى. شۇ چاغدا بىدىكىنىڭ پەش قىلىشىغا پەرۋا قىلماي، ئەلەملىك مۆرەپ، يېنىش-يېنىشلاپ بېشىنى سىلىكىپ قىيا قايرىپ، ئۇنىڭغا بىچارىلەرچە قاراپ ئېرىنچەكلىك بىلەن مېڭىۋاتقان ئىنەكنى بىدىك قولىدىكى قامچىدا «پاس» قىلىپ ئۇرۇشى بىلەن يۈركى قارىيتتىدە قىلىپ، قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن تۇرۇپ قالغان سەمتاخۇن كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش ئالغان ئىدى. موزايلىق ئىنەكتىن ئايرىلىپ قالغان سەمتاخۇن بۇ يىللىق تېرىقچىلىققا بانكىدىن قەرز ئېلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئالدىنقى ھەپتە بامدات نامىزىدىن يېنىپ، ئابلەتتىن تونۇشتۇرۇش ئېلىش ئۈچۈن، ئامالسىز ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى چەكتى. ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئابلەت دەرۋازىنى ئېچىپ، ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە سالام قىلغاندىن كېيىن ئەسنەك ئارلاش ئېغىز ئاچتى.

ــ ھە، سەمتىكا، ئىت پوق يىمەيدىغان بۇنداق سەھەردە ئۆيۈمگە كىلىپ قاپسەنغۇ؟

ــ تېرىقچىلىققا بانكىدىن قەرز ئالاي دېسەم، كەنتنىڭ خېتى كىتدىكەن، شۇنى يېزىپ بىرەرمىكىن دەپ ئۆيۈڭگە كېلىشىم ئۇكام، ــ دېدى سەمەتاخۇن مەقسىدىنى ئېيتىپ.

ــ مانا، مانا بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلسەن دە، قەدرىمنى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر ئاي

www.uyghurkitap.com

سوكۇلدىساڭمۇ، بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ بۇ ئىشنىڭ مەن ئارغا چۈشمەي ھەل بولمايدۇ . سېنىڭ گېپىڭ ئۆتۈدىغان چاغلار كەلمەسكە كەتتى! ئېسىڭدە تۇت، ھازىرچۇ مەن گەپ قىلىدىغان چاغ ! بوپتۇ، كىچىكمىدە بەرگەن قوتۇر زاغراڭنىڭ يۈزىنى دەپ بۇ قېتىم قەرىز ئېلىش ئىشىڭنى ھەل قىلىپ بېرەي، بىراق بۇندىن كېيىن ئۆزۈڭنى بىلىپراق يۈر! «ئابلەت ئۇنداق قىلدى، يېرىگە سۇنى كۆپ ئېچىۋالدى، سۇ ھەققىنى ئۇنداق كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ،ئۇ سېكرتار بولۇشقا لايىق ئەمەس» دېگەندەك پاسات گەپلەرنى ئاما ئارىسدا تارقىتىپ يۈرگۈچى بولما !

مۇشۇنداق پۈرسەتنىڭ كېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن ئابلەت كۆڭلىگە قاچىلىۋالغان زەھىرىنى چالا قويماي چىقىرىۋېلىپ، دەرۋازىسىنى گۈپپىدە يېپىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئاما ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىش بەدىلىگە ئابلەتتىن سېسىق گەپ ئاڭلاپ،كۆڭلى خېلى يېرىم بولغان سەمتاخۇن شۇ كېچىسمۇ ئۇخلىيالماي، ھويلىسدا مېڭىپ يۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزغان ئىدى.

ئابلەت ئەتىسى چاي ۋاقتى بىلەن سەمتاخۇنغا : « قەرىز پۇل ئېلىش ئىشىنى پۈتۈشۈپ قويغانلىقنى ، ساشاڭجاڭنىڭ قان بېسىم كېسلى بارلىقىنى، ئۇنىڭغا بىر خالتا قوناق ئۇنى ئېلىپ بېرىشىنى، قالغان گەپنى شۇ يەرگە بارغاندا ئەھۋالغا قاراپ بىر نېمە دەيدىغانلىقىنى» تاپىلاپ،يېزا بازىرىغا مېڭىپ كەتتى.سەمتاخۇن شالدىرلاپ تۇرغان كونا ۋېلسىپتىنىڭ كەينىگە بىر خالتا قوناق ئۇننى تېڭىپ يېزا بازىرىغا بېرىشغا ئۈلگۈرتۈپ،ئابلەت «پاقلان گۆشى شورپاخانسى» نىڭ ئايرىم خانىسگە ساشاڭجاڭ، ماخاڭجاڭ ۋە بانكىدا ئىشلەيدىغان بىر نەچچەيلەننى رەتلىك ئولتۇرغۇزۇپ چاي قۇيغىلى تۇرغان ئىكەن.

— مۇشۇ ئادەم شۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئابلەت ئىشىكتىن كىرىۋاتقان سەمتاخۇننى كۆرستىپ. ئۇلار رەسمىيەت يۈزسىدىن بىر قۇر سالاملاشقاندىن كېيىن ئابلەت سەمەتاخۇننى قازان بېشىغا چىقىشقا ئىما قىلدى.

سەمتاخۇن ئەمدىلا قازاندىن ئېلىنغان ، پۇرقىراپ ھورى چىقىپ تۇرغان بىر لېگەن گۆشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇلار چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرسىغا قويدى. ئۇلار بىردەم ئۆز-ئارا« ئالسىلا،باقسىلا» دەپ سالا-سۈلھى قىلشقاندىن كېيىن گۆشكە تۇتۇش قىلدى.بىراق ئۇلار تىك ياقلىق كالتە چاپان ئېچىدىكى ئۈستى ئېتىلمىگەن كونا كۆينىكىدىن چاڭ باسقان ئەتىسىز يۇڭ مەيدىللىرى كۆرنۈپ تۇرغان،چاسا يۈزىگە ياراشقان كەكە ساقىلى بىلەن بوم بۇرتى ئارىسىدىكى گەز باغلىغان لەۋلىرىنى پات- پات يالاۋاتقان ، تەر تەپچىرەپ تۇرغان قاڭشارلىق بۇرنى بىلەن پەرىلەشكەن ئەمما بىر خىل تىۋىنىش،قورنۇش ئەكس ئەتكەن چوڭ كۆزلىرى چۈڭقۇر خىياللارغا پاتقان ھالدا ئاقرىپ خورۇمنى پەرىق قىلغىلى بولمايدىغان كونا ئاياغنى كەيگەن پۇتلىرىنى مىنگەشتۈرۈپ،مۈكچىيىپراق يېنىدا ئولتۇرغان سەمتاخۇننى پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىرىپ،بىر ئوقۇرغا باغلاپ بورداشقا تەييارلانغان بۇقىلاردەك تىنىقىنى ئۈزمەي،بىر پۇشۇلدىشى بىلەن بىردەمدىلا

گۈشنىڭ يېغىنى بىر ياقىقا دۈۋلەپ،سۆڭكىنى بىر ياقىقا سەيلەپ بولدى . سەمەتاخۇن ئاشقان ياغلارنى بەلۋېقىغا تولۇپ ئۆيگە ئاپىرىپ چۆپكە نېرىن قىلىپ،ئاپالى بىلەن شۇ كۈنى بولغان ئىشلارنى دېيىشكەچ ھوزۇرلىنىپ يېگەن ئىدى...

تۈن يېرىمدىن ئېشىپ، مانا تاڭ ئېتىشقىمۇ ئاز قالدى. سەمەتاخۇننىڭ كۆزىدە ئۇيقىدىن تېخى ئەسەرمۇ يوق. ئۇ شۇ كۈنلەردە بولۇنغان ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ،گەرچە قەرىز پۇل ئېلىش ئىشى ھەل بولغان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خىجىل بولدى،نۇمۇس قىلدى، ۋىجدان ئازابى تارتتى. بىردىنلا دادىسى رەھمەتلىك يادىغا يېتىپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى . چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى قاتارلىقلار ئۆتمۈش زاماندا ئاشۇ جاپالىق قارا يىللاردىكى قەھرىتان قىش ئايلىرى، باللىرىنى جۇتتىن ساق-سالامەت ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن مەھەلىدىن ئۈچ قونۇلۇق كېلىدىغان يىراق جاڭگالغا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئوتۇن ئېلىپ كېلىش يولىدا شىۋېرغانغا ئۇچراپ قەرەلدە ئۆيگە قايتالماي، ئېلىپ بارغان يېمەكلىكى تۈگەپ ئاچلىقتىن جاڭگالدىلا جان بەرگەن ئابلەتنىڭ دادىسىنىڭ مېيىتىنى ئېشەك ھارۋىسىغا ئېلىپ، دەل يەتتىنچى كۈنى بولغاندا چىرايى سارغايغان لەۋلىرى شورداپ گەز باغلىغان، يېرىم جان ھالەتتە ئۆيگە كەلگەن سەمەتاخۇننىڭ دادىسىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي باللىرى بىلەن ۋىدالىشىپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان ئىدى. دادىسى كۆز يۇمۇش ئالدىداسەمەتكە: «ئاناڭنى، سىڭىللىرىڭنى ساڭا تاپشۇردۇم ئوغلۇم، ئۇلارغا ياخشى قارىغىن. يارامىلىق ،ھەققانىي، باتۇر ئادەم بولغىن . ئابلەتكە ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويغىن. مەھەلىدىكىلەر بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۆتكىن ... » دەپ تاپىلىغان ئىدى. بۇ چاغدا ئابلەت تۆت ياشقا، سەمەتاخۇن بولسا دەل يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرگەن ئىدى.بۇ ئەلەملەر ئېغىر كەلگەن ئابلەتنىڭ ئانىسى كېسەلمەن بولۇپ، نامراتلىق تۈپەيلى داۋالىتىشقا ئىمكان بولماي، دادىسى تۈگەپ بەش يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتكەن ئىدى. دېمەك، دادىسى قاتارلىقلارنىڭ ئاچارچىلىق، نامراتلىق دەستىدىن ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىبارەت ئېچىنىشلىق تىراگېدىيىسى ــ ياشلىق جاسارىتى ۋولقاندەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان سەمەتنىڭ بىغۇبار قەلبىگە مال-دۇنيانى دوست تۇتماي، كەڭ قورساق، پاك ، خالىس ياشاشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ روھنى ئاتا قىلغان ئىدى. ئەپسۇس، ئۆزىگە كۆيۈنۈپ، يەمەي يېدۈرۈپ، ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىماي باققان دادىسى رەھمەتلىككە گۆش ئېلىپ بېرىش پۇرسىتى بىر قېتىممۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغان، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كېيىنكى كۈنلەردە ئانىسى رەھمەتلىككە كۆپ قېتىم گۆش ئېلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ كۈنى قەرىز پۇل ھەل قىلىش ئۈچۈن كادىرلارغا ئېلىپ بەرگەنگە ئوخشاش بىرەر قېتىممۇ يېغىنى ئايرىپ يېگۈدەك بۇنداق جىق گۆش ئېلىپ بېرەلمىگەن ئىدى ...ئۇ يۈرەك قېتىغا ئويۇلغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى مىڭ پاتمان ھەسرەت ئىچىدە كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ سىماسى قېتىپ قالغان كۆزىدىن مۆلدۈرلەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىرغىش ئالدىدا تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى يېشنى يېشىدە سوْرۇتكەچ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى .

ــ ھەي، ئەگەر ياراتقان ئىگەم ئاتا-ئانام بىلەن بىرگە بولىدىغان شۇنداق بىر دەقىقىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ماڭا قايتا بىر قېتىم نىسىپ قىلغان بولسا ئىدى، ئىغىلدىكى ئىشەكنى بازاردا ئىلىشىغلا سىپتىپ، پۇلىغا بىر قوچقار ئىلىپ شۇ كۈنىلا سويۇپ، گۆشىنى ئۇلارغا تويغۇدەك بىر يېگۈزۈۋالسام، خۇشاللىقتا يۈرۈكۈم قېپىدىن چىقىپ كېتەرمىدى، ھە...

سەمەتاخۇننىڭ يېرىنىڭ باش تەرىپىدە، ئانچە يىراق بولمىغان جايىدا ئاڭلانغان دەتالاش ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۇ سەل بېشىنى كۆتۈرۈپ زەن قويۇپ تىڭشاپ قاسىم بىلەن تۇرسۇن مۇئەللىم سۇ توغرىسىدا ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلدى.دېمەك،تەشنا قىلغان سۇ ئاخىرى كەلگەن ئىدى. سەمتاخۇن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ،كەتمىنىنى دولىسىغا ئىلىپ، بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە باردى. بۇ ۋاقىتتا تالاش-تارتىش بىسىققان، قاسىم ھېچ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت تۇرسۇن مۇئەللىملا ئېتىزىغا سۇ كېرىۋاتقان ئېچىقنىڭ بېشىدا كەتمىنىنىڭ بىسىنى ئاستىغا قويۇپ،سېپىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى.

ــ تۇرسۇن مۇئەللىم، سۇ كىلە-كەلمەي تالاش-تارتىش قىلىپ كەتتىڭلىغۇ؟ ـــ دېدى سەمتاخۇن ئۇنىڭ بىلەن قول ئىلىشىپ سالاملاشقاچ .

ــ قارمامسىز سەمتىكا ماۋۇ قاسىم دېگەن كۆكەرمىنى، مېنىڭ ئېتىزىم باشتا بولغاندىكىن سۇنى مەن ئاۋۋال ئاچىمەن دەيدۇ، ـــ دېدى تۇرسۇن .

ــ قاسماخۇن توغرا دەپتۇ، رېتى بىلەن باشتىن ئاچقىنىمىز ياخشىمىكىن ـــ دېدى كەتمىنىنىڭ سىپىنى ئىبرىققا چۆكۈرۈپ، سۇنىڭ ئاز-كۆپلىكىنى ئۆلچەۋاتقان سەمتاخۇن.

ــ بىلمىگەندىكىن شۇنداق دەيسىز ــدە. «سۇنى يۇقىرىدىن ھەل قىلمىز، ئازراق بىر نەرسە بەرسەڭ، سۇنى ئاۋۋال ساڭا بىرىمىز، ھېلىقى ئۈچ مۇ بىنام يېرىڭگىمۇ ئېچىۋالسەن» دەپ ئاخشام ئۆيۈگە سىپكىرتار كىرىپتىكەن، ئۈچ يۈز كويى بەرگەن ئىدىم ـــ دېدى تۇرسۇن ماختىنىپ. مۇشۇ تەرىقىدە ئىككىسى باشقا تېمىلاردىمۇ خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى.ئەمما تېخى قىرىق ياشقىمۇ توشمىغان تۇرسۇننىڭ بىر نەچچە يىلدىن بىرى مەھەللىدىكى مەكتەپكە چىقمايۋاتقانلىقىنى سورىغاندا،ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى سەمتاخۇننى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى ھەم گاڭگىراتتى.

ئابلەت تۇرسۇنغا ئازراق پۇل چىقارسا،ئۇ شاڭجاڭ ئارقىلىق ئارام ئىلىشقا خەت ھەل قىلىپ بىردىغانلىقىنى دېگەندە، جاپادىن قورقۇپ ئاران تۇرغان تۇرسۇنغا بۇ گەپنىڭ ياغدەك ياققانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن شاڭجاڭ دوختۇرخانىدىكى بىر تونۇشى ئارقىلىق « يۈرەكتە دەردى بار، قان بېسىم »دېگەندەك دىئاگونوز ھەل قىلىپ قويغانلىقىنى،دوختۇر بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭ ماختىنىپ تۇرۇپ:«نەچچە يىلدىن بىرى ئوقۇتقۇچىلىرىغا مۇشۇنداق دىئاگونوز يېزىپ بىرىپ خوش قىلۋەتكەن ئىدىم،ئۇلار مېنى ئوقۇتقانلىقىدىن بەك رازى بولۇشتى»دېگەنلىكى،شۇنىڭدىن

كېيىن مەكتەپكە چىقمىغانلىقى، مەكتەپتىكى خىزمەتداشلىرىغا، رەھبەرلەرگە يۈلۈقۈپ قالسا ھال ئوقۇپ«ئاللا ۋايجان»دەپ قويىدىغانلىقى،ھازىر ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ۋەز-نەسھەتى بويىچە بۇرۇن مەكتەپتىكى ۋاقىتتا ئوقۇيالمىغان نامازلىرىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تۆۋە-ئىستىقبار ئوقۇپ،خىلىدىن بىرى بەش ۋاخ نامازنى باشلىۋالغانلىقى...قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي، ماختىنىپ سۆزلەپ كەتتى. تۇرسۇننىڭ غەيرى پاراڭلىرى قۇلقىغا يات ئاڭلانغان سەمتاخۇن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىغا ئىرەن قىلماي،ئۆيىگە ماڭغاچ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى.

ھەي ئابلەت، ھەي ئابلەت ! مەھەللىمىزنىڭ باللىرىنى تەربىيلەۋاتقان مۇئەللىمنىمۇ كاردىن چىقىرىپسەن مانا.مەھەللىمىز چەتتىرەك بولغاچقا مۇئەللىممۇ كەلگىنى ئۇنمايدۇ،كەلگەنلىرىمۇ ئۇزۇن تۇرمايلا كېتىپ قالىدۇ ، يەنە بىرسى كەلگۈچە باللىرىمىز مۇئەللىمسىزمۇ قىلىۋاتىدۇ. ھەي، تۇرسۇن خىلىلا تۈزۈك يىگىت ئىدىڭ ، ھېلى دېگەنلىرىڭدىن تونۇيالمايلا قالدىمغۇ سىنى. داداڭ رەھمەتلىك ئاشۇ ئالتۇننىڭ كېسكىدەك يەرلىرىنى ئىمام ئاخۇنۇمغا ئېلىشىغا سېتىپ، ملڭ جاپادا ئوقۇتسا،سەن مۇشۇنداق ئازغۇن-چىركىنلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي، نادانلارچە ياشاپ يۈرسەڭ ئۇنىڭ روھى قورۇنماسمۇ؟ گۇناھىمنى يۇيۇۋاتىمەن دېگىن ، پوق يەپسەن بالام ! ساڭا دېسەم، مۇسۇلمان بولۇشنىڭ بىرىنجى شەرتى-ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشاش.سېنىڭ ھۆكۈمەتنى ئالداپ، مېھنەتسىز ئېلىۋاتقان مائاشىڭ ئىسلام شەرئىتىدىمۇ ھارام ھېسابلىنىدۇ. ھارام تاپاۋەتتە ئۆرە بولۇۋاتقان تەندە ئېلىنغان تاھارەت،ئوقۇلغان ناماز قوبۇل بولمايلا قالماستىن ، ئېگىسى ئاشۇ ئوقۇشسىز قىلىۋاتقان باللارنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى سېنىڭ گەدىنىڭگە يازىدۇ، ھەم ئۇلارنىڭ قىساسىنى ھامان بىر كۈنى شىللەڭگە دەسسەپ تۇرۇپ ئالىدۇ! ھەممىنى بىلگۈچى، قۇدرەتلىك ئېگىسى بۇنى بىلمەي قالارمۇ؟ ئابلەت بىلەن ئىمام ئاخۇنۇم ئاخىرەتتە بۇنىمۇ ساڭا ھەل قىلىپ بىرەلەرمۇ؟ ھەي تۇرسۇن، سەندەك بىر زىيالىينىڭ، بولۇپمۇ بىر ئۇستاز بولغۇچىنىڭ ھاياتلىق قارشى ئەسلى ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى! ئابلەتنىڭ «ھەل قىلىش» شەيتىنى سېنىمۇ تۈگەشتۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ ! ھەي،مەھەللىمىزنى ئاشۇ ئابلەتنىڭ قارا نىيتى، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئىپلاس ئىددىيىسى تۈگەشتۈردىغان بولدى- دە، ئاخىرى ... مەزىنىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزان ئاۋازى سەمتاخۇننىڭ خىيالىنى بۆلدى ۋە ئالدىراش تاھا-رەت ئېلىپ، بامدات نامزىغا مېڭىپ كەتتى .

3

باھار خاسىيتىدىن ھەممە جانلاندى. تەبىئەت يېشىل تون كەيدى. مەھەلىدىكىلەر كەنجىرەك بولسىمۇ كېۋەزلىرىنى تېرىۋېلىپ ھەر ھالدا كۆڭلى تىندى. باش مەھەلىدىكى سۇنى بالدۇرراق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئاچقانلارنىڭ كېۋەزلىرىنىڭ مايسىللىرى ئۈنۈپ سۇلياۋ سىرتىغا چىقتى...

كۈنلەر ئايلارنى قوغلىشىپ كېۋەزنىڭ ئاختامسىغا، كۆكىگە، بۇغدايلارغا، بۇغداي ئورنىغا تېرىلغان قوناقلارغىمۇ سۇ سېلىندى. دېھقانلارنى كۆندۈرۈۋالغان ئابلەت ھەر قېتىم سۇ كېلىشتىن ئىلگىرى «سۇ ھەل قىلىمەن» دەپ پۇل يىغدى. سەمتاخۇن ئۇنى توسۇپ،پېكىر قىلىپ قىزىرىشىپمۇ قالدى. ئابلەت شۇ سەۋەپلىك سەمتاخۇننىڭ «ئۈچ پىشقەدەم» لىك پۇلى ۋە ياشانغاندا بېقىلىش پۇلىنى باشقىلارغا يۆتكىتىۋەتتى. سەمتاخۇنلا ئەمەس،پۇل يىغقاندا ئارقىغا سۆرىگەنلەر،گېپىگە كىرمىگەنلەر ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ئېتىبارلىرىدىن قۇرۇق قالدى.تېخى ئالدىنقى كۈنى شاڭجاڭنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بوغۇز ئوغلىقنى بەرمىگەن باش مەھەللىدىكى قاسىماخۇننىڭ ئۆيىدىكى ھۆكۈمەتتىن بەرگەن تېلېۋىزورنى ئابلەت«مەن ھەل قىلغان»دەپ تارتىۋالدى.ئۆتكەن يىلى ئابلەتنىڭ قولى ئارقىلىق پەرزەنت كۆرۈشكە كۆرسەتكۈچ ئالغان ياسىن كىراكەشنىڭ ئايالى بۇنى ئاڭلاپ «ئوغلۇڭنىمۇ مەن ھەل قىلغان» دەپ ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىسىنى ئابلەتنىڭ تار-تىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ،مۆكۈنۈپ يۈرمەكتە...مانا ئەمدى سەمتاخۇنغا ئەگىشىپ مەيدە كېرىپ ئوتتۇرغا چىقىدىغانلاردىن بىرسىمۇ قالمىدى.ئەڭ يامان بولغىنى،ئابلەتنىڭ بۇنداق ئۇسۇل قوللىنىشى مەھەللىدىكىلەرنى ئۆز-ئارا زىددىيەتكە سېلىپ،ئۈششۈك ھەرسىدەك قىلىپ قويدى.پەقەت سەمتاخۇنلا مەھەللىنىڭ غېمىدە.باشقىلار بىر-بىردىن ئېھتىيات قىلىپ،ئابلەت نېمە دېسە «لەببەي» دەپ جان ساقلاشنىڭ كويىدا يۈرۈشمەكتە .

ئۆزگە يۇرتپەرۋەرلىكنىڭ، ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ، سەممىيلىكنىڭ،قىسقىسى ئىنسانىي تۇيغۇدا ياشاشنىڭ خېمىرتۇرۇچلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئەۋلىيا سۈپەت، شۇنچە تار جاھانلاردا جاپائىچىدە ياشىسىمۇ، روھى دۇنياسى پايانسىز دادىسى رەھمەتلىك ۋە باقى ئالەمدىكى يېقىن-يۇرۇقلىرى يېقىندىن بېرى سەمتاخۇننىڭ چۈشىگە تولا كىردىغان بولۇۋالدى.نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ بېشىغا ۋاقىت چىقىرىپ بىر بېرىپ كېلىشنى نىيەت قىلغان سەمتاخۇن مانا بۈگۈن جۈمە نامىزىنى ئۆيدىن ئانچە يىراق بولمىغان مازار مەسچىتكە بېرىپ ئوقۇدى.نامازدىن يېنىپ ئاۋۋال دادىسىنىڭ قەبرە بېشىدا، ئابلەتنىڭ دادىسى ۋە باشقىلارنىڭ قەبرە بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ روھىغا ۋە شۇنىڭغا قوشۇپ ئابلەتنىڭ ئىنسابىغا ، دۇرۇس يولدا مېڭىشىغا ئۈزۈندىن-ئۈزۈنغا دۇئا قىلىپ كۆز يېشى قىلدى.

سەمتاخۇن مەسچىتتىن ئۆيگە قايتىش يولىدا، نېمىلا بولمىسۇن ئابلەتقا يەنە بىر قېتىم نەسھەت قىلىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. دەرۋازا ھاڭ ئوچۇق، ئىچىدە ھېچ بىر ئادەم كۆرۈنمەيتتى. سەمەتاخۇن ئاستا مېڭىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرسىغا كېلىپ، ياندىكى ئۆيدىن تونۇش ئەمما غەيرى ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇيتەك تۇرۇپ قالدى.

ــ ۋىييەي، ئۇنداق قىلمىسلا دەيمەن، ئادەمنى نۇمۇس قىلدۇرۇپ...

ــ ئۇنداق جايىللىق قىلماڭ، قاچماڭ، مۇشۇ بىر قېتىملا...
ــ مېنى نېمە كۆرۈپ قاللا؟ ما كۆڭلىكىم يىرتىلىپ كىتىدۇ،قويۇپ بەرسىلە...
ئاھ، خۇدا نېمە كـارامەت بـۇ! ـــ سـەمەتاخۇن شـۇنداق دەپ پىشانىسـىگە ئـۇردى. بـۇ دەل ئابلەتنىڭ ئايالى گۈلئايشەم بىلەن ساشاڭجاڭنىڭ ئاۋازى ئىدى. ھويلا ھارافنىڭ ئاچچىق ھېدىغا تولغان، ئۆي ئىچىدىن يەنە ئابلەتنىڭ ئۈچ-تۆت ياشلار ئەتراپىدىكى كىچىك ئوغلىنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. سەمتاخۇن بىر چامداپ، ئىككى چامداپ ئۆينىڭ دىرىزىسىگە يېقىن باردى. ئۆي ئىچىدە چېچىنىڭ بىر چېكە تەرىپىنى ئۆستۈرۈپ، بېشىنىڭ چوققىسىدىكى ئاياڭ يېرىگە يىلىملاپ چاپلىۋالغان ساشاڭجاڭ يوغان قورسىقىنى لىغىلدىتىپ، خـۇددى مۆشـۈك چاشـقاننى قوغلىغانـدەك گۈلئايشەمنى قوغلاپ يۈرەتتى .
ــ ماۋۇ چوچقىنى قارا،مەھەلمىزنى ۋەيران قىلغىنى يەتمەي،ئەمدى خۇتـۇن-قىزلىرىمىزغىمـۇ قۇيرۇق شىپپاڭشىتقىنىنى! بۇ ئىپلاسنىڭ رەسۋايىنى چىقرۋەتمەيدىغان بولسام! ــ غەزىپـى كېلىـپ ساقاللىرى دىرىلداپ تىترەپ،بويۇن تومۇرلىرى كۆپكەن سەمتاخۇن مۇشۇلارنى خىيال قىلدى ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ قولىغا چىققۇدەك بىـر نەرسـە ئىـزدەي دەپ شـۇنداق چامدىشىغا،بازارغا كەتـكەن ئابلەت بىلەن ساشاڭجاڭنىڭ شوپۇرى بىر يەشىك ھاراق ۋە سـۇلياۋ خالتىـدا ئۇششـاق-چۈششـەك يېمەكلىكلەرنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى.
ــ ھوي سەمتىكا،نېمانداق چاشقان تاپالمىغان مۆشـۈكتەك تىمسـقىلاپ يۈرۈيسـەن بىزنىـڭ ھويلىدا، نەگىلا بارساڭ مېنى پايلاپ يۈرسەڭ ئـۆزۈڭگە زىيـانلىق جۇمۇــ دېـدى ئىچىـگە لىـق ھاراق قاچىلانغان يەشىكنى ئېغناپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئابلەت .
سەمتاخۇن«چاشقىنىڭنى يىگۈزۈشكە بۇقىدەك بىر مۆشۈكنى مەخسۇس بېقىۋاتقان تۇرساڭ، مەندەك قېرى مۆشۈك سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ قانداق چاشقان تۇتالىسۇن» دېمەكچى بولـدىيۇ، ئېغىزىدىن چىقارمىدى. چۈنكى « كېسەلنىڭ ساقايغۇسى كەلسە،دوختۇر ئۆزى كەپتۇ » دېگەندەك ئابلەتنىڭ ھويلىغا كىرىپ سەمەتاخۇنغا گەپ قىلىشى بىلەن تەڭلا ئۆي ئىچىدىكى گۈلدۈرگۈلۈپلار توختاپ، ھەممە ئىشلار نۇرمال ھالەتكە چۈشۈپ بولغان ئىدى.
ــ بىر ئىش بىلەن سېنى ئىزدەپ كەلگەن ئۇكام ،ــ دەپ قويدى سەمتاخۇن ئابلەتنىڭ بايقى سۆزىگە جاۋابەن .
ــ يەنە ھاجىتىڭ چۈشۈپتۇ دە، ماڭا. مېنى كۆپرەك ئىزدەپ تۇرساڭ پايدا ئالالايسەن. كەل، كەل، ئۆيگە كىر، ساقلىڭنى قولۇڭدا توسۇپ تۇرۇپ ياشلىقىڭنى ئەسلەپ، مانىڭدىن ئىككى رومكا قېقىۋال، ھې، ھې، ھې...، ــ يەشىكنى ئېچۋاتقان ئابلەت سەمەتاخۇننى مازاق قىلىپ ھېجايدى.
ــ ئۆيۈڭدىكى مېھمانىنىڭ پەيزىنى بۇزۇپ قۇيماي چىقىپ كېتەي، ئىشىڭنى قىلىـۋەر مېنـى ئۈزتىمەن دېمەي، ــ دېگەچ سەمتاخۇن سىرىتقا قاراپ ماڭدى .

www.uyghurkitap.com

ــ خوش، يول بولسۇن ! ــ غودرىدى ئابلەت، ئانچە يىراقلاپ كەتمىگەن سەمتاخۇنغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپــ سېنى ئۇزاتقىنى كېمىنىڭ چولى، نەگىلا بارسا مەندىن قوسۇر ئىزلەپ، پايلاپلا يۈرۈيدۇ بۇ ئەبگا قېرى !

سەمتاخۇن دەرۋازا ئالدىدىغا چىقىشىغىلا ئەمدىلا ئالا ئەت بولغان قوچقارنى ئايالىنىڭ كونا باش ياغلىقىدا بويىنىدىن باغلاپ،ماڭغىلى ئۇنىمغانىسىرى مەجبۇرى سۆرەپ،چالمىلىق ئىتىزدا سۆرەمگە مېڭىۋاتقان قېرى كالىدەك ئالدىغا ترەجەپ،ھەسىرەپ كېلىۋاتقان،تېخى بېشىدىكى سەللىسىنمۇ ئالمىغان مەھەلىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى .

ــ قوچقار بوغۇلۇپ، ھارام بولۇپ قالمىسۇن ئىمام ئاخۇنۇم، ــ دېدى قوينىڭ دۈمبىسىنى تۇتۇپ ئىتتنى مۆلچەرلەۋاتقان سەمتاخۇن .

ــ مېنى تېخى ھەرەمگە يولغا سالىدىغان قوچقار بۇ،ئۇلۇغ ئىشلارغا ئاتالغان مال ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رىزىقى پۈتۈلگەن جايدا رازى بولۇپ ئاندىن جان بېرىدۇ، ــ دېدى ئىمام ئاخۇنۇن ۋەز تەرىقىسدە سۆزلەپ .

ــ ئۇنداقتا بۇ قوچقارنى...

ئىمام ئاخۇنۇم سەمتاخۇننىڭ گېپىنى بۆلۈپلا ئېغىز ئاچتى.

ــ خۇدالىق ئۈچۈن مېنىڭ ھەج سەپىرىمگە خەت ھەل قىلىۋاتقان يۇرۇت چوڭلىرى ئۈچۈن قان قىلىشقا ئېلىپ ماڭدىم بۇ قوينى، ــ ئىمام ئاخۇنۇم گەپنى ئۆزىگە يۇقمىغىدەك قىلىپ پەردازلاپ شۇنداق دېدى ۋە قوينى سۆرەپ ئابلەتنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى .

ــ تۇۋا، نېمە ئىشتۇ بۇ ئەمدى، ھېلىلا جامائەتكە ئاغزى كۆپۈك بولۇپ كەتكىچە ياخشى-يامان، ھالال-ھارام توغرىسىدا سۆزلەپ، ئۆزىگە ئىتائەتمەنلىك بىلەن تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان شۇنچە كۆپ جامائەتنى«ھەق راست» دېگۈزۈۋەتكەن ئەمەسمىدى ئۇ؟ تېخى ئالدىنقى جۈمە نامىزىدا ئۇ بىر قىسىم ھاراقكەشلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇلارنى مەسچىتنى بىلمەيدىغان دىلىدا ئىمان يوق توڭگۇزلار تۇرقىدا سۈپەتلەپ، مۇسۇلمانلار تائىبەسىدىكى تىرىكلەر قاتارىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ، ئۆلىدىگە چىقىرىۋەتكەن ئەمەسمىدى؟! تۇۋا،بۇ زاماننىڭ ئادەملىرىگە نېمە بولۇۋاتقاندۇ زادى؟ ــ گۈلئايشەمنىڭ بايىقى توشقاندەك تۈگۈلۈۋالغان بېچارە ھالىتى، ساشاگجاڭنىڭ بولۇمسىز قىلمىشلىرى، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ھېلى قىلغان گەپلىرى سەمتاخۇننىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ مېڭىسىنى غاجىلىماقتا، ئاچچىققا تولغان ھوجۇدىنى تىترەتمەكتە ئىدى.

بۇ ھايۋانلارنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى مەھەلدىكىلەرگە دەپ خەلقى ئالەم ئالدىدا بىر شەرمەندە قىلاي. ئەگەر ماڭا تۆھمەت قىلدىڭ دېسچۇ؟ ياق، ياق! بۇ ئىشنى ھازىرچە ھېچكىمگە تىنماي تۇراي، ھەتتا خوتۇنۇمغىمۇ. ئەگەر بۇ گەپ سىرتقا يېيىلىپ كەتسە، بېشىمغا بالا بولىدۇ. چۈنكى، مەندە ئىسپات يوق، گۇۋاھچىمۇ چىقمايدۇ. خەلقى ئالەم ئالدىدا بېچارە گۈلئايشەمگىمۇ سەت. مۇشۇ

ئـابلەت زە، «ھەممىنــى ھەل قىلــمەن»دەپ ئـۆيگە نـاكەس، پەسـەندە ئـادەملەرنى يىغىــپ، گۇلئايشەمنىمۇ بۇلغاپ قويارمۇ؟ ئاشۇ ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ئوقۇغان نامازلىرىمىز دۇرۇس بولارمۇ؟ ياراتقان ئىگەم ئۆزۈڭ بىلىپ بىر يولغاساللارسەن...سەمتاخۇن مۇشۇ-لارنى خىيال قىلغاچ مېڭىپ، دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماي قالدى.

جىمجىت، تىنجىق ھاۋا، يۇلتۇزلۇق ئاخشام...

سـەمتاخۇن ئۆيىنىــڭ چەلـلە بـاراڭلىق پىشـايۋىنىدىكى كېگىـز سـېلىنغان سـۇپىدا چىــت كۆرپىنىڭ ئۈستىدىكى سامان تەكىيگە جەينىكىنى قويۇپ يانپاشلاپ يېتىپ،ئاچچىق تەڭشەلگەن موخـۇركىنى كـۈچەپ-كـۈچەپ چەكمەكـتە. قىرىلـىق يەتتىمـۇ يـاكى تىنـى ئـاجىزلاپ قالـدىمۇ موخۇركىنىڭ ئاچچىق ئىسى ئۇنى تۈنجى قېتىم ئـۇزۇنغىچە قـاتتىق ھۆتەلـدۈرۈەتتى. ھويلىنىـڭ بۇلۇڭـدىكى ئوچاقتـا تامـاق قىلۋاتقـان پاتەمخـان سـەمتاخۇنىڭ بـۇنچە كۈچۈنۈپ،چىڭقىلىــپ ھۆتەلگىنىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر قولىدا ئۇنىڭ بىلكىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا دۈمبىسگە بوش شاپىلاقلىغاچ سىلىق تەلەپپۇزىدا ئۆتۈندى.

ــ تاماكا تەنلىرىگە زىيان قىلىپتۇ. ھېلىمۇ قىرىق نەچچە يىل چەكتىلە ، ھازىر قېرىدىلا، ساقال بىلەن چىكىپ يۈرسىلە بولماس، ئەمدى تاشلىۋەتسىلە قانداق بولار ؟

ــ بۇ نىجىسنى تاشلىۋىتىغان كۈنلەرمۇ بولارــ دېدى سەمتاخۇن تۈكۈرگەچــ تاشلىۋېتىمەن خوتۇن، چوقۇم تاشلىۋىتىمەن...

پاتەمخان ئېرىگە سادىق، ئوڭلۇق ئايال. ئۇ سەمتاخۇنىڭ نىكايىغا ئۆتكىنى قىرىق يىلدىن ئاشتى. بۇ جەرياندا ئۇنىـڭ ئىشـغا كـۆپ ئارلىشـىپمۇ باقمىغـان، بـىرەر ئىشـتىن ئـۇنى توسـۇپمۇ باقمىغان. بىراق پاتەمخان قىرىق يىللىق ھەمراھىنىـڭ تـولا زەردە دەسـتىدىن جـۈدەپ بارغانسـىرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقان گەۋدىسنى،گىرەلەشكەن قورۇقلىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشـىپ، قـۇۋزىقلىرى ئولتۇرشۇپ قاراداپ سولاشقان چىرايىنى، يۈزىدىكى يوغان كـۆزلىرى نۇرسىزلىشـىپ، قاڭشـارلىق بۇرنى ئىنچىكە پىچاق بىسىدەك بولۇپ قالغان بۇنداق مىسكىن ھـالىتىنى تـۈنجى قېـتىم كـۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى بىر چىنە ئاشمۇ گېلىدىن ئۆتمىدى، بىردىنلا يىغا تۇتۇپ،كۆزلىرى نەملەشتى. ئۇنىڭغا ئابلەت بىلەن ھەپىلەشمەسلىك توغرىسىدا گەپ قىلماقچى بولدىيۇ يەنىلا تىل يېرىــپ بىر نېمە دىيەلمىدى، ئاياللىنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىن بۇنى سېزىۋالغان سـەمتاخۇن ئېغىـر ئـۇھ-سۇنۇپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى .

ــ ھە...ي،نېمىشقىكىن، مەھەللىمىزنىڭ ئەھۋالى بارغانسىرى ئوسالىشىپ كېتىۋاتـىدىغۇ تـاڭ، مۆشـۈكتەك كـۆزۈمنى يۇمۇۋالسام رەھمەتلىـك دادامنىـڭ،مەھەللىمىزدىن كەتكەنلەرنىـڭ روھــى قورنۇپ قالمسۇن دەيمەن.كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا قايسى يـۈزۈم بىـلەن بـارىمەن؟بۇ كۈنلەرمـۇ ئۆتۈپ كېتەر،كۆڭلىڭنى بۇزمىغىن خوتـۇن.ھەي خوتۇن،جىـق جاپـا تارتتىـڭ جۇمۇ،جىـق جاپـا

تارتتىلىڭ ! مەن سېنى زادى مۇشۇنداق جاپاغا قويۇپ،قىيناپ قېرتىۋېتمەن دەپ ئالغانمىدىم؟ ياق، ياق! سېنىڭ بىلەن خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرمەن،سېنى ئوبدان باقىمەن دەپ ئالغان ! كۆچۈمگە، ئەقلىمگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ، مېنىڭدىن كۈپۈرلۇق ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ خوتۇن.مانا ھازىر قېنى ئۇ كۈچ-قۇۋۋەت، قېنى ئۇ ئەقىل-پاراسەت!؟...

يېنىغا سىيلىنغان داستىخان ئۈستىدىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر چىنە ئاشنىمۇ كۆڭلى تارتمىغان سەمتاخۇن ئۆزىنى ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئەيىبلىگەندىن كېيىن بىردەم تىنجىپ،سامان تەكيىگە بېشىنى قويۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئۆزىنى ئۇيقىغا خىلى زورلىغان بولسىمۇ يەنىلا كۆزىنى ئۇيقۇغا ئىلناشتۇرالمىدى.بىردىنلا ئەينى چاغدا گۈلئايشەمنىڭ دادىسىنىڭ كېسەل چىرماپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان گەۋدىسىنى ھەپتىلەپ چاپلىشىپ ياتقان ئورنىدىن تەستە يېرىم ئۆرە قىلىپ،ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ،ھۆتەل ئارلاش گەز باغلىغان جانسىز لەۋلىرىنى ئاستا مىدىرلىتىپ: «تىغدەكلا يالغۇز قىزىمنى سىلىگە ئىشەنچە قىلىپ بۇ بالىغا قوشۇپ قويدۇم، مەندىن كېيىن قالسا خارۇ-زار بولۇپمۇ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەيمەن...» دەپ تاپلىغان چاغدىكى ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزۇپ، خىرىلداپ ئۈنسىز ئۆكسىگەن ئاشۇ بىچارە ھالىتى ئۇنىڭ ئىسىگە كېلىۋالدى دە،بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.تامدىكى مىخقا ئىلىنغان چاپىنىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، سۇپىنىڭ تۆۋىدىكى كالىچىنى ئالدىراپ پۇتىغا سېپىپ، ھويلىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئابلەتنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قولىدا بىر چىنە ئاشنى كۆتۈرگىنىچە ئارقىسىدىن چىققان پاتەمخاننىڭ داستىخانغا چاقىرىشلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. سەمتاخۇن شۇ مېڭىشىدا ئابلەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بېرىپ توختىدى. دەرۋازا ئىچىدىن ئىتىلگەن ۋاراڭ- چۇرۇڭلارمۇ ئاللا بۇرۇن بېسىققان،ئەمما ساشاڭجاڭنىڭ ماشىنىسى دەرۋازا ئالدىدىن تېخى قوزغالمىغان،ھويلا تېمىنىڭ كۈن چىقىش تەرەپكە يانداپ سېلىنغان ئۆينىڭ چىرىقىمۇ ئۆچمىگەن ئىدى. سەمتاخۇن ھويلا تېمىنى بويلاپ مېڭىپ چىراق يورۇتۇلغان ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ،تاشقىرىدىن قويۇلغان دەرىزىسىدىن ئۆي ئىچىگە زەن سالدى.ئۇلار يازنىڭ تىنجىق ھاۋاسىغا بەرداشلىق بىرەلمەي كەڭ ئېچىۋەتكەن ئۆينىڭ دەرىزىسىدىن سىرتتقا تارقىغان ئاچچىق ھاراق، تاماكا ۋە قۇسۇقلارنىڭ ئارلاشقان قاڭسۇق ھىدى سەمتاخۇنغا خۇددى ئۇزۇندىن بىرى قۇرۇقدالمىغان ھاجەتخانىدىن تارقىغان گەندىنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى ئەسلەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئابلەت بېشىنى داستىخاننىڭ بىر چېتىگە قويۇپ يېتىپ، قورسىقىنى قولىدا چىڭ سىقىمداپ تۇرۇپ بىر تولغىلىپ بىر ئۇزۇراپ، خۇددى ئىچى سۈرگەن كىشىنىڭ ئارقىسىدىن كەلگەن ئەۋرەتتەك بېسىم بىلەن ئاغزى بۇرنىدا تەڭ قۇسۇپ، داستىخانغا دەسلەنگەن نانىنى ھەرخىل رەڭلەردە بوياۋاتاتتى. ساشاڭجاڭ بىلەن شوپۇر بولسا گەندە ئازگىلىدىكى سۆيلۇق تەرەتكە چىلىشىپ مىدىرلاۋاتقان قۇرۇتلاردەك، قول- پۇتلىرىنى شۇنچىلىك ئاستا ھەم لەرزان

ھەركەتلەندۈرۈپ، شۆلگىيى ئېقىپ لاپچىيىپ قالغان ئېغىزلىرىدا چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ غىڭشىپ ياتاتتى.

ئىشىكنىڭ «تاراق»قىلىپ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ھېلىدىن بىرى ئابلەت كۆپ قېتىم چاقىرسىمۇ كىرگىلى ئۇنىمىغان گۈلئايشەم نېمىلا بولمىسۇن ئۇلارغا ئورۇن راسلاپ بېرىش ئۈچۈن بىر قولتۇق يوتقان-كۆرپىلەرنى كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى. ئۇ داستىخاننى يىغىشتۇرۇش مەقسىتىدە سۇپا ئۈستىگە چىقىپ بىر قولىدا بۇرنىنى ئېتىپ بىر قولىدا ئابلەتنىڭ كەينى بىلەن پەرىقسىز بولۇپ كەتكەن ئاغزى قوشۇش ئېگىكىدىن تۇتۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ داستىخان سىرتىغا يۆتكەپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىغا بىر چامدىدى، ئەمما يەنە بىر پۇتىنى ئالدىغا يۆتكىيەلمىدى. ئۆيگە كىرگەن چاغدىلا قىپقىزىل كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئۆزىچە ئاغزىنى ھەر قىسما قىلىپ، ئاللانېمىلەرنىدۇر قاراسلىتىپ چاينىغاپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، ھەممە ئەزالىرىنى رىتىمسىز ھەركەتلەندۈرۈپ سالپىيىپ ياتقان ھالىتنى كۆرۈپلا گۈلئايشەمنىڭ ھوجۇدىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىپ خۇددى ئەرۋاھلاردەك قورقۇنچلۇق تۇيۇلغان ساشاڭجاڭنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا شۇنچە جانسىز ھەم لەرزان ھەركەتلىنىۋاتقان ئاشۇ قانخور قولى ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە ئىلىنىشىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئارقىسىغا شۇنداق بىر ئۆرۈلۈپلا «ۋايجان!» دەپ ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ ئابلەتنىڭ بېشى ئۇنىڭ قولىدىن سىرغىپ چىقىپ، داستىخان ئۈستىگە جاققىدە چۈشۈپ، بۇرنىدىن چىققان قان ئېقىمىسىق داستىخاننىڭ قوش ئالقان ئورنىچىلىك ئورنىنى قىزىل رەڭدە بويىدى. گۈلئايشەمنىڭ پۇت-پاچاقلىرى لاغىلداپ تىترەپ،تۇرغان جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئالدىغا خىلى كۈچۈنۈپمۇ باقتى، ئاخىرى بولماي ساشاڭجاڭنىڭ گۆشلۈك مەيدىسىگە كەينىچىلاپ بىر قانچىنى تەپتى. ئاغرىق دەستىدىن بىردىنلا يېلى چىقىپ كەتكەن كامىردەك ئېغىر پۇشقۇرغان

ساشاڭجاڭ يۈزىگەگۈلئايشەمنىڭ بىر چىنە سوغۇق شورپىنى چېچىشى بىلەن تەڭ سوغا چۈشۈپ كەتكەن ئىتتەك بىر سىلكىنىپلا مەسلىكتىن يېشىلىپ تېخىمۇ غالجىرلاشتى ۋە گۈلئايشەمنىڭ زىلۋا بىلىدىن يۇلغۇن كۆتىكىدەك توم ھەم يۇگىلۇق بىلىكىنى ئۆتكۈزۈپ ئالدىغا بىر تارتىپلا ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىۋالدى. يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ دۇخاۋا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىن چىڭ تۇتۇپ بىرلا سىلكىشى بىلەن تەڭ كۆڭلەك چېكىدىن بۆسۈلۈپ، گۈلئايشەمنىڭ باغرىداقسىز ئىتى ئېچىلىپ قالدى.

ساشاڭجاڭ گۈلئايشەمنى قۇچىقىغا ئېلىۋالغاندىلا دېرىزە تۈۋىدىن ئايرىلغان، ئۆينىڭ ئالدى-كەينىنى نەچچە قېتىم چۆرگىلەپ ، ھويلا ئىچىدىن ئارتىلىپ مىڭ تەستە ھويلا ئىچىگە كىرگەن سەمتاخۇن ھەسرەپ ئۆي ئىچىگە كىرگەندە گۈلئايشەم ئاللا بۇرۇنلا ھوشسىزلانغان، ساشاڭجاڭ بولسا ئۇنىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقان قوللىرىدا بېغىنى قاماللاپ تۇتۇۋالغان گۆللۈك شىمىنى ھەدەپ ئاستىغا سىرىلدۇرۇۋاتاتتى. سەمتاخۇن ئېتىلىپ بېرىپ گۈلئايشەمنى ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلۇپ

ئالدى. جېنى گېلىغا كەپلىشىپ قالغان گۈلئايشەم سەمتاخۇننىڭ ياردىمىدە ئۆمىلەپ دېگۈدەك ئۆيدىن ھويلىغا چىقىپ، يىتىلغان كۆڭلىكىنى قاماللاپ داق يەردىلا يېتىۋالدى. سەمتاخۇننىڭ يىخلىكىپ مېڭىشى بىلەن پۈتۈن ئەزاسى لاغىلداپ تىترەۋاتقان گۈلئايشەم ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

تاڭ يورۇماستىنلا سەمتاخۇنلارنىڭكىدىن قايتىپ كىرىپ، يوتقانغا بۆكۈنۈپ يېتىۋالغان گۈلئايشەمگە «مېھمانلارنىڭ ئالدىدا مېنى ئوسال قىلدىڭ» دەپ يەتكۈچە كايىپ،ناشتىمۇ قىلماي چىقىپ كەتكەن ئابلەت خۇپتەن ۋاقتى بىلەن قايتىپ كەلدى . خۇددى يىغا قىيانىنىڭ توسقىنى ئېچىۋەتكەندەك، ئابلەتنىڭ ئۆي ئىشىكنى «تاراق » قىلىپ ئېچىشى بىلەن تەڭ نامزىنى تۈگۈتۈپ، دۇئا قىلىۋاتقان گۈلئايشەم بىردىنلا ئابلەتكە تاشلىنىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئابلەت خۇددى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى بىلىدىغاندەك يىغىسىنى بىر ھازا جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىدى .

— يوقلاڭ ئىشلارغا مىشلىدىماي، بولدى قىلە خوتۇن، — دېدى گۈلئايشەمنىڭ يامغۇردەك ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى قولىنىڭ ئالقىنىدا سۈرتۈۋاتقان ئابلەت ئاخىرى زۇۋانغا كېلىپ،— خېلى چىداملىق خوتۇن ئىدىڭ، مۇشۇ كۈنلەردە بەك مىشچان بولۇپ كېتىۋاتىسەنغۇ تاڭ.

— سىزگە دېدىمغۇ، شۇ ساشاڭجاڭ دېگەن ئادەم ماڭا...

— ساشاڭجاڭ، ساشاڭجاڭلا دەيسەن، — دېدى گۈلئايشەم شۇنداق دېيىشىگىلا ئەرۋاھى ئۇچقان ئابلەت ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ— زادى ئۇ سېنىڭ قانچىلىك بىر نېمەڭنى يەپ كەتتى؟ شۇنىڭغا يارشا پايدىسىمۇ تېگىپ تۇرۇۋاتىدۇ بولمىسا. ئانچىكىم چاقچاق قىلىپ قويغانغا شاڭجاڭ ئۇنى قىلدى، بۇنى قىلدى دەپ گېپىڭ تۈگىمەيدۇ سېنىڭ.لايىقىدا چىراي ئېچىپ، خوش خوش دەپ قويغىنىڭغا بىر يېرىڭ ئۇيۇپ قالامتىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ ئېغىر ئېلىپ كەتمىگەندىكىن ئۇنچىلىك قىلىپمۇ كەتمە !

ئابلەتنىڭ ئاغزىغا ھاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالغان گۈلئايشەم ئۇنىڭ قويىنىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ،خۇددى نامەلۇم بىر قارا قول ئۇنىڭ يۈركىنى مۇجۇۋاتقاندەك بىردىنلا تولغۇنۇپ داق يەردە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئابلەت شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا يات كىشىدەك بىلىنىشكە، تۇرمۇشىمۇ تەمسىز يوقۇتۇشقا باشلىدى. ساشاڭجاڭنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىش قېتىم سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ھوجۇدىنى بىر خىل ۋەھىمە قاپلاپ ، روھى دۇنياسىنى قورقۇنچ چىرمىۋالغان ئىدى .

4

— ۋەي، شاڭجاڭ ئالتۇن تەنلىرى ئامانمىكىن؟ مۇنداق ئىش، مەھەلىمىزدىن بىر بېلىق

قارماققا ئىلىندۇرغاندەك تۇرىدۇ، قىلتىرقىنى ئايرىپ تازا بىر يېگۈللىرى كىلىپمۇ قالغاندۇ؟

ــ سەن تۇتقان بېلىقلارغا ئىغىز تەگمىگىنى خېلى بولۇپ قالدى، ئىپىدە كەلسە يېسەكمۇ يەمىز، يەمچۈكى نېمىكەن؟

ــ يەمچۈكى ئاغزىللىرىنىڭ يەللىرى شاڭجاڭ،ئاغزىللىرىنىڭ يەللىرى،ھى،ھى،ھى...

بۇ ئابلەتنىڭ مۆمىن دېھقان بەكرىنىڭ ئوغلىغا توي خېتى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى شاڭجاڭ بىلەن قىلغان تىلفۇن ئالاقىسى ئىدى. ئۇلار بۇگۇن كەچتە ئابلەتنىڭ ئۆيىدە كۆرۈشمەكچى بولۇشۇپ خوشلاشتى. ئابلەت ساشاڭجاڭنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان مۇشۇبىر نەچچە يىلدىن بىرى «ھەل قىلىشنىڭ پىرى»گە ئايلانغان ئىدى. توي خېتى، نوپۇسقا ئالدۇرۇش، پەرزەنتلىك بولۇشقا كۆرسەتكۈچ ھەل قىلىش، بانكىدىن پۇل ھەل قىلىش... ئىشقىلىپ ساشاڭجاڭنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ئاستىدا ھەرقانداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغان، قەيەردىن دېسە شۇ يەردىن چىقىدىغان، قەيەردە گەپ بولسا، ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئاڭلايدىغان، تارقىتىدىغان بولدى. تەسىر دائىرىسى مەھەلىسىدىن ھالقىپ، قوشنا كەنتلەردىنمۇ ئۇنى ئىزلەپ كېلىپ ئىش ھەل قىلدۇرىدىغانلار كۆنسىرى كۆپەيگىنى تۇردى. ساشاڭجاڭمۇ ئەمەل-تاجىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆپۈنچە ئابلەتنىڭ ئەپچىل قولى ئارقىلىق كۆرەتتى، پات-پات ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ سورۇن تۈزۈپ قانغۇچە ئىچىپ، تۈن يېرىملاردا كېتەتتى. ساشاڭجاڭ پۇرسەت بولسىلا گۈلئايشەمگە پوخۇرلۇق قىلىپ، ئۇ قانچىكى قاچقانسىرى ئۇنىڭغا بۇدۇشقاقتەك شۇنچىكى چاپلىشاتتى. راستىنى ئېيتقاندا ساشاڭجاڭ بۇگۇن ئابلەت دېگەن تەييار بېلىقنى قارماققا ئىلىندۇرغىنى ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى پىلتىڭلاپ تۇرغان، كۆڭۈل كۆلىدە ئۈزۈپ، يۈركىنى ئېزىپ ئارامىدا قويمىغان، كۆپ قېتىم يەمچۈك تاشلاپ بېقىپمۇ تۇتالماي، خېلىدىن بېرى شۆلگىيىنى ئېقىتىپ يۈرگەن ئاشۇ «بېلىق» نى قارماققا ئىلىندۇرۇش ئۈچۈن كېلەتتى .

ــ ھازىر شاڭجاڭ ئۆيگە كەلمەكچى، ئاچچىقراق ئىككى تەخسە سەي قورۇپ قوي، يەنە سەمەتنىڭ ئۆيگە قېچىپ كىرىۋالغۇچى بولما! ئۇ كەلگەندە پاكىزراق كىيىنىپ، چىرايىڭنى ئېچىپىراق يۈر! ــ دېدى كەنتتىن قورۇسدىن ئەمدىلا ئۆيگە كەلگەن ئابلەت.

ــ ئەجەپ زېرىكتىم شۇ ساشاڭجاڭ دېگەن ئادەمدىن،ئۇنىڭ باردىغان ئۆيى، خوتۇن-باللىرى يوقمىكىنا؟ ھە دېسىلا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، ئادەمنى پاراكەندە قىلغان، ــ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسىمۇ بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتىدىغان گۈلئايشەم شۇنداق دېيىشىگىلا ئابلەت ئۇنىڭ كاچىتىغا «چاڭ» قىلىپ بىر تەستەك سالدى ۋە ئىسلىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

ــ يېقىندىن بىرى يۈركىڭ يوغناپ باھانەڭ كۆپىيىپ، ئەجەپ كىچىك تىللىرىڭ چىقىپ كەتتىيا ! بىلىپ قوي، ئۇ دېگەن يېزىمىزنىڭ باشلىقى! سېنى ئادەم كۆرۈپ ئۆيۈڭگە ئاياغ باسقىنىغا خۇش بولساڭ بولىدۇ تېخى، ۋۇھ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان دەلتە...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

سىگنال ئاۋازى بىلەن ئاغزى بىسققان ئابلەت دەرۋازىنى ئاچتى.بۇ شاھاجاڭنىڭ ماشىنىسى ئىدى.

ــ ۋۇھ نامەرت، قارا قىلغان ئىشىڭغاــ ئابلەتكە پەش قىلدى ھويلىغا كىرگەن ساشاھاجاك يىغلاۋاتقان گۈلئايشەمگە خۇشامەت قىلىپــ يەنە قول تەككۈزسە ماڭلا دەڭ،مەن ئۇنى... ــــ ئۇنىڭ بىلەن كارىللىرى بولماي ئۆيگە كىرسىلە، ــ ئابلەت شاھاجاڭنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغاچ گۈلئايشەمگە چالۋاقىدىــ قوپ ئورنىڭدىن،ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ مېھمان بار يەردە كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئىقىتماي !

سۈپىنىڭ لېۋىدە يىغلاپ ئولتۇرغان گۈلئايشەم ياغلىقىنىڭ پېشىدە كۆز يېشىنى سۈرۈتكەچ ئۆكسۈپ يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بەكرى ئوغلىغا توي خېتى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلىپ كىرگەن ئوغلىقىنى سويۇپ تەييارلاپ، گۆشنى پارچىلاپ قازانغا تاشلاپ،بىر ئاز قايىنتقۇتكەندىن كېيىن كۆرشۈپ قويۇپ قايتىش نىيتىدە، ئابلەتلار سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئىشكىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئۆيگە كىرىش-كىرمەسلىكتە ئىككىلىنىپ قالدى ۋە ئاخىرى مۇھتاجلىق ئۇنى غەيرەتكە كەلتۈردى .

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ساشاھاجاك سالامەت تۇردىلىمۇ ؟

ــ سەن، ئابلەت ھېلى گېپىنى قىلغان...نېمىتى، ھە، ھە، ئىسمىگە كەلدى، بەكرى. سىنىڭچە بىز سالامەت بولمىساق ئىشىكنى قانداق ھەل قىلغىلى بولىدۇ، بەكراخۇن.

ــ شۇ...شۇ...شۇنداق،شۇنداق،خاتا گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن، ھە...

ــ كەل، كەل، مانىڭدىن بىر قانچە رومكا ئىچكەچ، گۆشۈڭدىن ئازراق يەپ چىقىپ كەت.

ــ بۇ سىلىنىڭ رىزقىللىرى، يېۋالسام بولمايدۇ، ئۇ نەرسىنىمۇ ئىچەلمەيمەن، ئاشقازىنىمنىڭ دەردى بار، دورا بىلەن ئۆرە بولۇۋاتقان ئادەممەن، ھالىمادىس زىيان قىلىپ...

ــ قورقما،ھېچنېمە بولمايسەن. ساڭا دېسەمچۇ ، ياراتقان ئىگىسى ئادىل بولغاچقا، ھەممە ئادەمگە رىزقنى تەڭدىن بۆلۈپ بەرگەن. ئاشۇ رىزقى تۈگىسلا ئادەم ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغان گەپ. شۇڭا دائىم ئۆزۈڭنىڭ رىزقىنىلا يەپ يۈرسەڭ ئۆمۈرۈڭ قىسقا بولۇپ قالىدۇ . ئاشقازاننىڭ گېپىنى قىلساڭ بىرى يادىمغا يەتتى. يېزىنىڭ بۇرۇنقى بوغالتىرى تۇردىنى تونۇيدىغانسەن؟ ئۇ باشقىلارنىڭ رىزقىنى كۆپ يېگەچكە،باشقا يېرى توشسىمۇ ئاشقازىنى توشاپ بولالماي،دوختۇر-لار ئۇنىڭ ئاشقازىنى پۈتۈنلەي ئىلىۋەتكەن، ئاران بىر پىيالە ئوماچ ئىچەلەيتتى. ئۆزىنىڭ رىزقى شۇ پېتى بولغاچقا ئاشقازىنى قايتىدىن كۆكلىدى، ھاراقنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئىچىپ،بىرەر كىلو گۆشنى بىر يالماپلا تۈگۈتۈپ قويىدۇ.دېمەك، ئۇ ھازىر ئۆزىنىڭ رىزقىنى يەپ ياشا-ۋاتىدۇ دېگەن گەپ.

مانا بۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا چىقارغان يەكۈن...

ــ يەنە خاتا گەپ قىلىپ قويۇپتىمەن،مۇشۇ ئىغىزىمنى زەھەي...ي،خاپا بولمىسلا...

شۇنداق قىلىپ، ساشاڭجاڭ ئەللىك ياشنىڭ قارسىنى ئالغان،تولا كىسەلمەن بولۇپ بالدۇرلا بوۋاي سىياقىغا كىرىپ قالغان، شۇ كەمگىچە هاراق ئەمەس تاماكىنىمۇ ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان بەكراخۇنغا ئاچچىق هاراقتىن ئىككى رۇمكا ئىچۈرۈۋەتتى. چىرايى مۇچتەك قىزارغان بەكرى شاڭجاڭغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، قولىنى ئاپتاپتا پىشىپ قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ قالغان ئەتىسز كۆكسىگە ئېلىپ، ھەر«خۇش» دېگەندە تەرەت ئايغىنىڭ ئالدى-كەينىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان، تويىدا پىشىپ ئېتىنى پەرىق قىلغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن تۆگە تاپىنىدەك پۇتلىرىنى ئارقىچىلاپ بىر قەدەم يۆتكەپ، مىڭ تەستە ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. بەكرىنىڭ ئوغلىغا توي خېتى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئوغلىقى مانا پىششىق گۆشكە ئايلىنىپ داستىخان ئۈستىگە چىقىپ زەھەردەك ئاچچىق هاراق بىلەن ئارلىشىپ ئابلەت، ساشاڭجاڭ ۋە شوپۇر ئۈچىنىڭ ئاشقازىنىغا كىرىپ، ئۇلارنى قاڭسۇق كېكىرتمەكتە.

ــ تۇرە ئورنىڭدىن! ــ خىيالى گۈلئايشەمدىلا بولۇۋاتقان ساشاڭجاڭ بىردىنلا ئابلەتكە ۋارقىردى، ـــ، ماڭ، گۈلئايشەمنى چاقىر! گۆش يېگەچ بىزگە سەي قورۇپ بەرسۇن!

ــ قېيدىغاننىڭ خورجىنى يىرىم! سەينى مەن قورۇي، ئۇ ئەبگا بىلەن قالماي گۆشلىرىنى يېسلە شاڭجاڭ ــ دېدى پايخان سۆڭەكنى چاشقاندەك كورتىلدىتىپ غاجىلاۋاتقان ئابلەت.

ــ چاقىر دېگەندىكىن، چاقىر!ــ ۋاقىردى ساشاڭجاڭ ۋە قولىدىكى گۆشنى ئابلەتنىڭ ئالدىغا زەردە بىلەن تاشلىدى .

ساشاڭجاڭنىڭ ھەيۋىسىدىن خېلىلا چۆچۈگەن ئابلەت دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ، گۈلئايشەم ياتقان ئۆينىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ياۋايىلارچە ۋارقىراشقا باشلىدى .

ــ بۇياققا چىق ... ئىشىكنى ئاچ! ۋۇھ پاسكىنا ئىشىكنى ئاچ دەيمەن!...

ــ چىقمايمەن، نېمانچە سەت ۋارقىرايسىز ! بالىلار قورقۇپ كېتىۋاتىدۇ، مېنى ئويلىمىسىڭىزمۇ، بالىلارنى ئويلاپ قويۇڭ، ئۇنداق سەتلىك قىلماڭ ! يىغلىماڭلار، ئۇ سىلەرنىڭ داداڭلار...

ــ شاڭجاڭنىڭ ئالدىدا يۈزۈمنى يوق قىلماقچىمۇ سەن! چىق دەيمەن،ھېلى بىكا كىرىپ قالسام مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتىمەن !...

شاڭجاڭنىڭ كىرىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ گۈلئايشەم ئىچىدىن زەنجىرلىۋالغان ئىشىكنى ئەسە-بىلەشكەن ئابلەت زەردە بىلەن بىر قانچىنى تېپىپ سۇندۇرۇپ، ئۇ ياتقان ئۆيگە كىردى. ئابلەت ئامال بار ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈزىنى يورۇق قىلىش نىيىتىدە گۈلئايشەمگە يالۋۇرۇپمۇ باقتى، ۋار-قىراپمۇ باقتى، بىراق چىقىشقا زادىلا ئۇنىتالمىدى ۋە ئىككى بالىسىنىڭ نالە قىلىپ يىغلىغىنىغا پەرۋا قىلماي ئۇنىڭ چاچلىرىنى يۇلدى، دۇمبىسىگە بىر قانچىنى قاتتىق دەسسىۋەتتى.

ــ يەنە خوتۇنۇڭنى سەمەتنىڭكىگە قېچىپتۇ دېمەيدىغانسەن؟ــ دېدى سالپىيىپ ئىشكتىن

كىرگەن ئابلەتنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان ساشاگجاك .

ــ مەن...هاراق...ئىچمەن...هاراق...ــ جىلچىلىكنىڭ ئاچچىقى بىلەن هاراقنىڭ ئاچچىقى قوشۇلۇپ شىر كەيىپ بولغان ئابلەت باتارىيىسى ئاجىزلىغان ئۈنئالغۇدەك ئىنجىقلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەچ سورۇندىكى ئەمدىلا ئاغزى ئېچىلغان بىر بوتۇلكا هاراقنى ئېلىپ، گۇپۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىن گۇلئايشەمنىڭ دېرىكىنى ئالالمىغان ساشاگجاك قولىدىكى ئىستاكاننى ئالدىدىكى ئۈستەلگە جاققىدە قويۇپ ئورنىدىن قوزغالدى .

ــ مەن هازىر ئۇنىڭغا گۆش ئەكىرىپ بېرىپ،ئۆزۈم چاقىرىپ چىقمەن،ئۆزۈم !

چالا كەيىپ بولغان ساشاگجاك داستىخاندىن بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ، ئۆردەكتەك ئىرغاڭشىپ هويلىنىڭ ئوتتۇرسىغا كېلىپ شارقىرتىپ تەرەت قىلدى. هازىر ئۇنىڭ هايۋانغا ئوخششىغا قويرۇقلا كەملىك قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ نىيىتى گۇلئايشەمنى چاقىرىش ئەمەس بەلكى ئۆيدە بار-يوقلىقىنى، ياتقان جايىنى بىلىۋېلىش. چاقىرسىمۇ چىقمايدىغانلىقى، گۆشنىمۇ ئالمايدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان. ئاي نۇرىدا تېمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئابلەتنىڭ تايىقى زەربىسىدىن تېخىچە ئىگراۋاتقان گۇلئايشەمنىڭ زەئىپ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تىنغان ساشاگجاك قولىدىكى گۆشنى بۇلۇڭدىكى ئىتقا تاشلاپ بەردى ۋە قايتىپ كىرىپ،سورۇننى پىلانى بويىچە داۋاملاشتۇردى.

بۇگۇن كەيپى تازا ئۇچۇپ، هاراقنىڭ ئالاھەزەل يېرىمىنى ئىچكەن ئابلەت خورۇلداپ تىنىپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا تولغۇشۇپ ياتتى. ساگجاكنىڭ سالاسى بىلەن كۆپرەك ئىچكەن شۇپۇرمۇ قوسۇقىغا بېشىنى چىلاپ ئۈلۈكتەك ياتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ساشاگجاك چىراقنى ئاستا ئۆچۈرۈپ، خاتىرجەم هالدا گۇلئايشەم ياتقان ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

تىنجىق ئۆيدە كېيىمى بىلەنلا يوتقاننىڭ ئۈستىدە يېتىپ، ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىناشقان گۇلئايشەم ساشاگجاكغا دەرىزىدىن چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا مانا مەن دەپلا كۆرۈندى. ئۆمۈلەپ، شەپىسىزلا ئۆيگە كىرگەن ساشاگجاك ھەسىرگىنىچە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. خاپىلىق دەستىدىن چۆچۈپلا ياتقان گۇلئايشەم خۇددى ئۆينىڭ بىر تېمى ئۆرۈلۈپ ئۈستىگە چۈشكەندەك قاتتىق قۇرقۇپ كەتتى ۋە سارىنىڭ پوكىنى ئاستىدىكى چۆجىدەك خىلى ئۆزۈن تېپچەكلىدى، لېكىن يۈز نەچچە كىلوگىرامدىن ئارتۇق كىلىدىغان لوق گۆشنىڭ بېسىمىدىن زادىلا بوشىنالمىدى. بىر هازا جان-جەھلى بىلەن تىركىششتىن هالسىزلانغان گۇلئايشەمنىڭ پۇت-قوللىرى ئاستا-ئاستا هەركەت قىلىشتىن توختىدى. ئىككى قولىدا گۇلئايشەمنىڭ نازۇك بىلەكلىرىنى قارماپ تۇتۇپ،يۈزلىرىگە ئېغىز-بۇرۇنلىرىنى ھەدەپ سۈركەۋاتقان ساشاگجاكنىڭ هىيلىلا ھەلەپ يەپ كۆشەپ ياتقان قىرى كالىدەك ئېغىر تىنىپ ئېلىپ پۇشۇلدىشىدىن بېسىم بىلەن چىقىۋاتقان بەتبۇي نەپەسلىرى دىمىقىغا ھەر ئۇرۇلغاندا گويا ئاچچىق دورا ئىچكەندەك

سەسكەنگەن گۈلئايشەم لەۋلىرىنى قاچۇرۇپ،بېشىنى توختىماي ئۇياق-بۇياققا بۇراشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ساشاڭجاڭنىڭ موزايلىق ئىنەكنىڭ يىلىنىدەك ساڭگىلاپ كەتكەن كاچىتى گۈشلۈك گۈلئايشەمنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى دە،زەردە بىلەن قاتتىق چىشلىۋەتتى. ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمىغان ساشاڭجاڭ«ۋايجان،قويۇۋەت قانجۇق!» دەپ ۋارقىراپ، ئىككى قولى بىلەن كاچىتىنى قاماللىغان پېتى يانغا ئۆزىنى ئاتتى.ئۇنىڭدىن ملك تەستە قۇتۇلغان گۈلئايشەم دەرھال ھويلىغا چىقىۋالدى.ئۆي ئىچىدىن يولۋاستەك يەنە ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ساشاڭجاڭنى كۆرگەن گۈلئايشەم يۈگۈرۈپ بېرىپ باغلاقتىكى ئىتنى يېشىۋەتتى. ئەمما نەتىجە گۈلئايشەم ئويلىغاندەك بولمىدى. يات ئادەملەرنى كۆرسە يەۋېتىدىغاندەك خىرىس قىلىدىغان ئىت ئەكسىچە ساشاڭجاڭغا قاۋاپمۇ قويمىدى. بۇ ئۆيگە تولا كەلگەن ساشاڭجاڭنىڭ ئەمەل-تاجىنىڭ پايدىسىدىن كۆپ قېتىم سۆڭەك-شالتاقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىششتە ئابلەت بىلەن پەرىقسىز بولۇپ كەتكەن ئىت ساشاڭجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ، قۇيرۇقىنى ئۇنىڭ پۇتىغا سۈۋاپ خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى.بۇ ھالنى كۆرگەن گۈلئايشەمنىڭ دەرھال سىرتقا قاراپ قېچىشدىن چىققان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا ساشاڭجاڭ بىلەن ئىت خۇددى مۇسابىقىگە چۈشكەن ماھىرلاردەك، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا پالاقشىپ يۈگۈردى. كۈچىنىپ ھەرىكەت قىلىشتىن دېمى كېسىلىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشقان شاڭجاڭ دەرۋازا ئالدىدىكى كۆۋرۈككە قىلىنغان لاڭكازىغا پۇتلىشىپ، تېخى لېيى قۇرۇمىغان ئېرىققا موللاق ئاتتى.تۇن تەڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىككى رۇمكا ھاراق بىلەن كەيىپ بولۇپ، تېخىچە نۇمۇسنىڭ كۈچىدىن ئۆيگە كىرەلمەي يول بويىدىكى دوناي جىگدىنىڭ دالدىسىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان بەكراخۇننىڭ قولىدىكى ئوغلاقنىڭ تېرە- زاسۇسىدىكى قاننىڭ ھىدىنى ئالغان، ساشاڭجاڭنى يېڭىپ چېمپىيون بولغان ئىت ئەنسىز ھوۋلۇپ بەكراخۇنغا ئېتىلدى.

ساشاڭجاڭنىڭ يىقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن بەكراخۇن قولىدىكى تېرە-زاسۇنى ئىتقا تاشلاپ بېرىپ، دەرھال يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا باردى. ئېرىقنىڭ ئىچىدە نەچچە قېتىم يۇمۇلتىپمۇ ھېچ ئامال قىلالمىغان بەكراخۇن ئۆيگە كىرىپ، شوپۇرنى ملك تەستە ئويغۇتۇپ چىقتى. بەكراخۇننىڭ ياردىمىدە شاڭجاڭنى ئېرىقتىن چىقىرىۋالغان شوپۇر ئۇنى يېزا بازىرى تەرەپكە ئېلىپ مېڭىپ كەتتى.

تازا قورۇققانلىقىدىن ئەقلى- ھۇشىدىن ئاداشقىنى تاسلا قالغان گۈلئايشەم تۈن يېرىم بولغاندا باشقىلارنىڭكىگە كىرىشنى بىئەپ كۆردى، بولۇنغان سەتچىلىكنىڭ مەھەلسىگە يېيىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىردى. ئۇزۇن ئويلىنىپ، ئاخىرى ئابلەت ئۇيقۇسىنى ئاچقىچە ئۆيگە كىرىۋېلىشنى پىلانلاپ يەنىلا ئۆزىنى چۈشىنىدىغان،ھەم ياشتا چوڭ ھەم ئەر-ئايال يالغۇزلا تۇرىدىغان سەمتاخۇننىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇرۇنلا ساشاڭجاڭنىڭ ماشىنىسىنى ئابلەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا

www.uyghurkitap.com

كۆرگەن سەمتاخۇن پەرزەندىدىكى ئىشنىڭ ئاخىرى يۈز بەرگەنلىكىنى پەملىگەچكە، گۈلئايشەمدىن ئارتۇقچە گەپ سورىمىدى، گۈلئايشەممۇ بۇ توغرىسىدا ئۇلارغا ھېچ نىمە دېمەيلا پاتەمخان بىللە يېتىپ قالدى.

بۆرىدىن قۇتۇلغان توشقاندەك ھېرىقىنىپ بىر قانچە قېتىم جۆيلۈپ، چۆچۈگەن گۈلئايشەم ئىختىيارسىز پاتەمخاننىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە ھەر ھالدا كۆزى ئۇيقۇغا ماڭدى.ئۇنىڭ تولا يىغلاپ قىزارغان كۆزلىرىدىن سىرغىپ، سۈپسۈزۈك ئىككى مەڭزىنى سۆيۈپ ئۆتۈپ، كۆكۈرۈپ كەتكەن، بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەۋاتقان ئويماق لەۋلىرىدە توختىغان ئىككى تامچە ياش دېرىزىدىن كىرىۋاتقان تولۇن ئاينىڭ نۇرىدا يالتىرىماقتا ئىدى.

5

ئابلەتنىڭ ئۆيىدە ئاخشامقى ئاۋاتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. تۆكۈلگەن ھاراق ۋە ياندۇ-رۇلغان قۇسۇقلارنىڭ ھېدى ئۆينى قاپلىغان.پوستى پاكىز سويۇلمىغان سۆگەت بادرىسىدەك ئاقلانغان ئۆچىنىڭ پايغان سۆڭەكلىرى گىلەم ئۈستىگە چېچىلغان . شالاپشىغان ئاۋاز بىلەن قوشۇلۇپ بۇرنىغا يۇمشاق بىر نەرسىنىڭ تېگىۋاتقانلىقىدىن چۆچۈپ ئادەتتىكىدىن سەھەردىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئابلەت ھېلىلا پارتىلاپ كېتىدىغاندەك ئېغىرشىپ،چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى قامالىدى،چېكىسىنى ئۇۋۇلىدى.كېرىلىپ ئارقا-ئارقىدىن بىر قانچىنى ئەسنەپ،كۆزىنى ئۇلاپ ئەتراپىغا بىر قۇر نەزەر سالدى.ئېشىپ قالغان گۆش ۋە ئۇششاق سۆڭەك پارچىلىرىنى يەپ بولغان ئىت ئەمدى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ،ئۇزۇن تىلىنى چىقىرىپ ئابلەتنىڭ كىچىچە ئېغىز-بۇرنىنى چىلاپ ياتقان قۇسۇقنى ئىشتىھا بىلەن شالاپشىتىپ يالاۋاتاتتى .

ئابلەت ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى،ھويلىمۇ جىمجىت. كۈندە مۇشۇ ۋاقىتتا ھويلىنى تازىلاشقا ئادەتلەنگەن گۈلئايشەمنىڭ سۈپۈرگە ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى.گۈلئايشەم ياتقان ئۆيگە كىرىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئوغلىنى نوقۇشتۇرۇپ ئانىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ يەنىلا جاۋاپقا ئېرىشەلمىگەن ئابلەت پالاقشىپ يولغا چىقتى.گۈلئايشەمنىڭ توسىشىغا قارىماي سەمتاخۇن ئابلەتقا نەسىھەت قىلىپ قويۇش نىيىتىدە،ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېلىۋاتاتتى.يىراقتىن كېلىۋاتقان سەمتاخۇن بىلەن گۈلئايشەمنى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۇچقان، كېلىپ بولغىچە تاقەتسىزلەنگەن ئابلەت تىل سېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئوقتەك يۈگۈرۈپ باردى.

ــ ماۋۇ پاسكىنىنى، ئاخشام ئازراق يەش قىلىپ قويغانغا، ئەرز قىلىپ ئادەم تاپالمىغاندەك يەنە مۇشۇ قەلەندەرنىڭ ئۆيىگە كىرگىنىنى قارا !

ئەسەبىيلەشكەن ئابلەت گۈلئايشەمنىڭ بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ،كاچىتىغا ئارقا-ئار-

قىدىن بىر قانچە شاپلاق سىلىۋەتتى.ئاربغا چۈشكەن سەمتاخۇننى مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ، بېگىز بارمىقىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ سىلكىپ،تىلغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن سەتلەشكە باشلىدى.

ــ ساڭا دەپ قويااي سەمەت،ماۋۇ خۇتۇنىنچۇ مەن نىكاھلاپ ئالغان،سەن مېنىڭ قېيىنئاتام بولمىغاندىكىن ئارلاشما ! ۋۇھ ئاناڭنى يالاڭتۆش...

ــ يېقىندىن بىرى ئادەم قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ، ھايۋان بولۇپ كەتتىڭغۇ بالام، ئەسلى-نەسلىنىڭنى ئۇنتۇپ،ئۇنچىلىك تۇزكورلۇق قىلىپ كەتمىسەڭمۇ بولاتتى !

ــ ھەي قېرغىننى تۇيمايدىغان قىزغانچۇق ئەبگا ، چىدىمىغان بولساڭ تىرىك گۆرگىلا كىرىۋالساڭچۇ،بۇنچە جېنىڭنى قىينىغىچە !...

ئابلەت ئىغىز-بۇرنىدىن قان ئېقىۋاتقان گۈلئايشەمنى باشبېغىسى يوق ئۆچكىنى يېتىلىگەندەك پاتىڭدىن تۇتۇپ،ئاغزىدىن يوق ئاقىۈزۈپ ھاقارەتلەپ،دۈشكۈلەپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى.

ــ ئابلەت،سەن توغرا دېيسەن! مۇشۇنداق چاغداسەندەك ئەرزىمەس بىر ھايۋاننى بوي سۇندۇرالمىغان بۇ جاننىڭ نېمە كېرىكى ! ــ ئۇ شۇنداق دېدى ۋە يانچۇقىدىن مۇخۇركا خالتىسنى ئېلىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا بىر تال تاماكا ئوراپ، ئارقا-ئارقىدىن كۈچەپ شوردى ۋە ئاچچىق ھەسرەتكە پاتقان ھالدا ئۆيى تەرەپكە ماڭدى .

ياقا يۇرتتىن بۇ يەرگە كېلىن بولۇپ كەلگەن گۈلئايشەمنى مانا بۇ كۈنلەردە غېرىپلىق باستى، رەھمەتلىك ئاتا-ئانىسنى بەكمۇ سېغىندى. ئابلەتنىڭ ئۆزىگە قىلغانلىرىدىن كۆڭلى ئازار يېدى، يۈركى زېدە بولدى. مۇشۇ بىر نەچچە ئايدىن بىرى ئابلەت بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشنى نەچچە قېتىم خىيال قىلغان بولسىمۇ ئالدىدىكى ئوماق ئوغۇللىرىغا قاراپ بۇ نىيىتىدىن يانغان ئىدى.ھەتتا ئاشۇ كۈندىكى تاياق دەستىدىن ئۇ بىر ھەپىدەك يېتىپ قېلىپمۇ «ئابلەت بىر كۈنى تۈزۈلۈپ كېتەر»دەپ يەنە شۇ يۇرەك-پارىللىرىگە كۆزى قىيماي،ئۇنىڭ بىلەن چىداپ ئۆي تۇتۇش قارارىغىمۇ كەلگەن ئىدى. بىراق، مۇشۇ كۈنلەردە بىرى ئابلەت ھە دېسىلا گۈلئايشەمنىڭ سەمتاخۇننىڭ ئۆيىدە قونغانلىقنى، يەنە يۈزىنى داپتەك قىلىپ بىر قانچە قېتىم كەلگەن ساشاڭجاڭغا ئوچۇق چىراي ئاچمىغانلىقنى باھانە قىلىپ تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ، گۈلدۇرمامادەك خۇيلىنىپ ئاغزىغا كەلگەننى دەپ ھاقارەتلىگىنىگە ماس ھالدا يامغۇردەك تاياق تۇقمىقىنىمۇ ئۈزۈپ قويماي كۈندۈزلىرى كومشىتىپ مۇشتىلىسا، كېچىللىرى ئوغۇللىرىنىڭ ئويغۇنۇپ قالغانلىقىغىمۇ پەرۋا قىلماي قوپاللىق بىلەن ئۇنى يوتقىنىدىن سۆرەپ،ئۇنىڭغا ئاشۇ دىشۋار-چىلىقلار ئاز كېلىۋاتقاندەك، دادىسى بىلەن قۇرداش كېلىدىغان ساشاڭجاڭ ھەر قېتىم كەلگەندە ئۇنىڭ غورۇرى دەپسەندە بولۇپ، بۆرىگە ئۇچرىغان قوزىدەك قېچىپ يۈرۈپ ھالى قالمىدى، بىچارە بولدى، قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى. بالىللىرى، سەمتاخۇن ۋە مەھەلىسىدىكىلەر ئالدىدا يۈزى سۆرۈن بولغان

گۈلئايشەمنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتقان نۇمۇس تۇيغۇسىدا يۈركى پۇچۇلاندى، ساشاڭجاڭ بىلەن ئابلەتنىڭ خورلۇق كىشەنلىرىدە نازۇك تېنى ئازاپلىق تولغاندى.

بىر ياندا ئابلەتنىڭ قاتتىق زۇلۇمى، يەنە بىر ياندا شاڭجاڭنىڭ پەسكەشلەرچە ئىپپىتىگە تاجاۋۇز قىلىش نىيتى ئېلىپ كەلگەن ۋەھىمىدىن ئىبارەت ئىككى نائەھلىنىڭ ئارىسىداقىين ـ قىستاقتا قېلىپ، تېخى ئوتتۇز ياشقىمۇ كىرمىگەن گۈلئايشەم نىمجان بولۇپ قالدى. ئابلەتنىڭ مۇشۇ ھالىغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالمىغان گۈلئايشەم ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتسپ ئۇنىڭدەك ئەردىن پاناھلىق ئىزلەشنى راۋا كۆرمىدى،ئۆزى دۇچار بولۇۋاتقان ئاشۇ كۆڭۈلسىز ـ لىكلەرگە ئۇنىڭدەك ئەردىن خۇشاللىق تېپىشقا كۆزى يەتمىدى.مۇشۇنداق كېتىۋەرسە،ھامان بىر كۈنى ئابلەتنىڭ ئىپلاس قولىدا رەسۋا بولىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرگەن گۈلئايشەم بۇ قېتىم قەتئىي ئاجرىشش نىيتىگە كەلدى.

كەچ كۈزنىڭ غۇر ـ غۇر شاملى يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىنى،تىنجىق ھاۋاسىنى ئاللاقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ، قەھرىتان قىش پەسلىنى چىللىماقتا. خېلى كۈنلەردىن بىرى چىقىۋاتقان سوغۇق شامال بۈگۈن ئاخشام تېخىمۇ كۈچىيىپ، نەلەردىندۇر قارا بۇلۇتلارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىشى بىلەن تەڭ قەھرىگە كېلىپ ھەيۋە بىلەن گۈلدۈرلىگەن،سۈرلۈك قاراڭغۇسى پۈتۈن تەبىئەتنى يۇتۇۋالغان ئاسماندىن قار ئارلاش يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. گۈلئايشەم يوتقىنىدىن يېرىم سۇغۇرۇلۇپ، ياستۇقىنىڭ تۈۋىدىكى ئۆينىڭ تۈۋرىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆچۈرگۈچ يىپىنى تېپىپ لامپىنى يورۇتتى، يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىككى ئوغلىنىڭ توڭۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن يوتقانلىرىنى قايتا تۈزەشتۈرۈپ، قوللىرىنى ئىچىگە سالدى،پۇتلىرىنى يۆگىدى، يوتقان يانلىرىنى ئىچىگە باسۇرۇپ قويدى. خېلىدىن بىرى گۈلئايشەمنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئارازىچىلىقلاردىن تامقى ئازلاپ قالدى، ئۇيقۇسى قاچتى. ھەتتا بەزى كۈنلىرى ئاغزىغا بىر بۇردا نان سالماي كەچ قىلسا، كېچىللىرى كىرپىك قاقمايمۇ تاڭ ئاتقۇزدىغان بولۇۋالدى.مانا ھازىرمۇ تۈن يېرىم بولاي دېدى، ئوخشاشلا ئويچان كۆزىدە تېخچە ئۇيقۇ يوق.ئۇدا نەچچە كۈندىكى ئۇيقۇسىز ـ لىق،كۈندۈزدىكى خاپىلىق ۋە ماغدۇرسىزلىق تۈپەيلى گۈلئايشەمنىڭ پۈتۈن بەدىنى خۇددى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلەتتى.كاللىسىدا گادىرماچ خىياللار توختىماي چۆگىلەيتتى. باللارنىڭ يېنىدا بەھوزۇر ئۇخلاۋاتقان ئابلەتنىڭ ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى بىلەن بەسلىشىپ تارتقان خورەك ئاۋازى گۈلئايشەمنىڭ خىيالىنى بۆلدى ۋە بىردىنلا ئابلەت بىلەن توي قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى غەمسىز، خۇشال كۈنلەر كىنو لېنتىسىدەك ئۇنىڭ خىيال ئىكرانىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى .

تەبىئەت يېشىللىققا تولغان،جىگدىلەر پۇراق بولغان ئاشۇ كۈنى ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قالغان، يىگىرمە بەش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپمۇ، ئېگە ـ چاقىسىز سانىلىپ،تېخىچە بويتاق

يۈرگەن ئابلەت سەمتاخۇننىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، گۈلئايشەملەرنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە كەلگەن ئىدى.سەمتاخۇن بىلەن گۈلئايشەمنىڭ دادىسى بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ناھىيىنىڭ غول ئۆستەڭنى چېپىش جەريانىدىكى بىر ئايلىق ھاشاردا تونۇشۇپ،يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالغانلار ئىدى.شۇندىن بىرى سەمتاخۇن گۈلئايشەملەر-نىڭكىگە پات-پات كىلىپ تۇرغان،ئۇنىڭ تۈز-تاماقلىرىغىمۇ ئېغىز تەككەن ئىدى.بۇ قېتىم سەمتاخۇننىڭ بىر يىگىتنى باشلاپ كەلگەنلىدىن باشقىچە تۇيغۇدا بولۇپ،گەپ باشلانغۇچە قۇلقىنى دىڭ تۇتۇپ، ئۆي بىلەن ھويلىنىڭ ئارلىقىدا قاتراپ يۈرگەن گۈلئايشەم بېشىغا بادام دوپپا،ئۇچىسىغا كانۋاي كۆينەك كەيگەن،ئاق پىشماق،ئېگىز بوي،چىرايىدىن بىر خىل سەممىيلىك ، قورنۇش ، خىجىللىق ئەكس ئىتىپ تۇرىدىغان ئابلەتنى چاي قويغۇچە يەر تېگىدىن قاراپلا ياقتۇرۇپ قالغان،ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن ماراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا زەن سالغان،دادىسى رەھمەتلىك بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنىمۇ ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىغان ئىدى .

......

— ھە بالام ، ئاتا-ئاناڭ سالامەت تۇرغاندۇ ؟

— مېنىڭ ئاتا-ئانام يوق،ئۇلار بۇرۇنلا ...

......

يېتىمچىلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان ئابلەت گۈلئايشەمنىڭ دادىسىغا گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي، قوللىرىدا يۈزىنى قامالاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى. ئابلەتنىڭ بۇ ھالىتى — بۇدرۇق پاقلاندەك شوخ، بوۋاقتەك غەمسىز،تولۇن ئايدەك تولغان، ئاقكۆڭۈل، دەرىزە تۈۋىدە،ئويناق كۆزلىرىدە ئوغۇرىلىقچە قاراۋاتقان گۈلئايشەمنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىغان،كۆڭلىنى ئېرىتكەن، يۈرەك تارىنى چەككەن،قەلبىنى لەرزىگە سالغان ئىدى...بىراق دادىسى رەھمەتلىكنىڭ « ئابلەت دېگەن ئۇ بالا ئۆزى يامان ئەمەستەك قىلغان بىلەن ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش يېتىم ئىكەن، ئۆيىمۇ يىراقكەن...» دەپ تۇسۇشلىرى گۈلئايشەمنى تەلتۆكۈس نىيىتىدىن ياندۇرالمىغان، ھەتتا دادىسى رەھمەتلىكنىڭ قويىنىڭ قوزىسىدەك يۇۋاش ئابلەتنى«يېتىم»دەپ ئاتىشى ئانىسىدىن كىچىك قالغان گۈلئايشەمنىڭ قولىقىغا سەت ئاڭلانغان، كۆڭلىگە كەلگەن ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گۈلئايشەم كۆلدىن سۇ ئەكىرىشنى باھانە قىلىپ، ئۆيدىن چىقىپ ئابلەتنىڭ يولىغا قاراپ، ئۇنى زارقىپ كۈتىدىغان بولۇۋالغان. قىپقىزىل مەكزىدە يۇلتۇزدەك زىناق پەيدا قىلىپ، باھار تەپتىدە ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك دائىم كۈلۈپلا تۇرىدىغان گۈلئايشەمنىڭ ئوتلۇق تەبەسسۇمىنى زادىلا ئېسىدىن چىقىرالمىغان ئابلەت باشتا گۈلئايشەمنىڭ دادىسىنىڭ كەلمەسلىك توغرىسىدا نەسھەت قىلىپ يالۋۇرىشىگە، كېيىن خاپا بولۇپ ھەيدەپ-قوغلاشلىرىغا ئۇچراپمۇ بولدى قىلمىغان ئىدى.بۇ ھالنى كۆرۈپ گۈلئايشەمدىن ئەنسىرەپلا يۈرگەن دادىسى بىر

كۆڭلى كەچلىك تاماقتىن كېيىن بۇ ئىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.ــ بالام، ئاناڭ رەھمەتلىك بولسىدى، ماڭا بۇنچە خىجىلچىلىقمۇ بولماس ئىدى، ــ دەپ گەپ باشلىدى ئۇ لۆممىدە ياش تولغان كۆزلىرىنى گۈلئايشەمگە تىكىپ، ــ ساڭا يامان ئۆگىنىپ قاپتىمەن، كۆزۈمدىرەك تۇرساڭمىكىن،قوشنىمىز داۋۇتاخۇننىڭ بالىسى...

ــ ئاشۇ تۇراقىما! ــ دېدى شۇئان رەڭگى ئۆڭگەن گۈلئايشەم دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ،ــ ئۇنىڭ بىلەن خوشۇم يوق، ئادەمگە كۆزىنى پارقىتىپ قاراشنىلا بىلىدۇ ئۇ گومۇش ! ...

گۈلئايشەمنى گەپكە كىرگۈزۈشكە ئامالسىز قالغان، ئۇنىڭ  پوق يەپ قويۇشىدىن،كۆزىدىن ئۇچۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن رەھمەتلىك دادىسى نۇمۇسنى قايرىپ قويۇپ، كۈزدە باللارنىڭ بېشىنى چېتىپ قويساق دەپ تۇداخۇننىڭ ئۆيىگە كىرگەن،ھەتتا ئۇلارنىڭ تويى چېيى ئۇچۇن ئېلىپ كىرگەن پاقلىنى بىلەن نەچچە قۇر كېيىملىك رەختلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ بولغان ئىدى. ئاشۇ چاغلاردىكى ئىشلار گۈلئايشەمنىڭ تۇنۇگۈنكىدەكلا ئېسىدە.تۇرداخۇنلارنىڭ تويى چېيى بەرگىنىگىمۇ، ئابلەتنىڭ بۇ مەھەلىگە ئاياغ باسمىغىنىغىمۇ مانا نەخ بىر ئاي بولدى. كۈز ئايلىرىنىڭ  يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن جىددىيلەشكەن گۈلئايشەمنىڭ بۇ سۇ توشۇش بىلەنلا كەچ قىلىۋاتقان سەككىزىنچى كۈنى.ئۇ كۈنىمۇ دەل كۈندىكىگە ئوخشاش گۈلئايشەم ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كۆلدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۇنى ئېلىپ، پات-پات كەينىگە قاراپ قويۇپ،ئۆمۈدسىزلىك ئىچىدە دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئەپكەشنى يەرگە قويدى.ئارقىغا ئۆرۈلۈپ،سىغىنىش ئوتى چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان  ئاتەش كۆزلىرىدە  كۆل تەرەپكە  يەنە بىر  قېتىم بىچارىلەرچە تەلمۈرگەن گۈلئايشەم تىۋشىسىز يول،تۇن پەردىسى ئەمدىلا يېيىلىشقا باشلىغان ئاسمانغا قاراپ ئېغىر خۇرسىندى.

ــ توخۇ يۈرەك، دادامدەك بىر قېرىدىن قورقۇپ، كەلمەسسەنمۇ زادى ، ــ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ ۋە بىردىنلا بېشىنى تىز-تىز بۇراپ، ئويناق كۆزلىرىدە ئەتراپنى بىر قۇر كۈزەتكەندىن كېيىن، ئېلىپ كەلگەن سۇنى دەرۋازا ئالدىدىكى سۆگەتلىككە تۆكۈپ،قۇرۇق چېلەك ئىلىنغان ئەپكەشنى دۈلىسىغا ئېلىپ،ئۆمۈتۋارلىق ئىچىدە يەنە كۆل تەرەپكە ماڭدى.قوياش پاتماستىنلا

كۆكتە پەيدا بولغان تولۇن ئاي گوگۇمغا ئىمكان بەرمەي، گۈلئايشەم ئۇچۇن سۈت رەڭ نۇرنى چاچماقتا.  كۆل بويىغا كېلىپ يەنە ئۆمۈدسىزلەنگەن گۈلئايشەم چېلەككە سۇ ئېلىپ ئەمدى كۆتۈرۈشكىلا سۇ يۈزىدە ئۆزى زارقىپ كۈتكەن كۆلەڭگە توساتتىن داۋالغۇدى،جىددىيلەشكەن گۈلئايشەمنىڭ  قولىدىن  ئىختىيارسىز  ئاجرىغان  چېلەكتىكى سۇ تۆكۈلۈپ  كەتتى  ۋە  كۆلگە چۈشۈپ-چىقىشتىكى ئاياغ ئىزىدىن  ھاسىل بولغان  پەلەمپەينىڭ  تېيىلغاق بولۇشى بىلەن تەڭ سىرىلىپ كۆل لىۋىگە چۈشۈپ قالغان  گۈلئايشەم  شۇئان  خىجىللىق  قاپلىغان كۆزىنى قولىدا توسۇپ، جايىدىلا  تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالدى،ئەمما ئارقىغا ئۆرۈلۈشكە جۈرئەت  قىلالمىدى.

ــ گۈلئايشەم،ئېھتىيات قىلىڭ ! ــ دېدى ئابلەت ۋە دەرھال ئەپكەشنى كۆل ئىچىگە تاشلاپ، بارا-بارا چوڭكۈپ لىق سۇ تولغان چېلەكنى خۇددى بېلىق ئىلىنغان قارماقنى تارتقاندەك چەبدەسلىك بىلەن لىككىدە كۆل دامبىسىغا ئالدى.ئابلەتنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بۇنداق چاقىرىشى ــ گۈلئايشەمنىڭ نازۇك قەلبىدە تاتلىق سىزىم،مۇھەببەتلىك ھېسلار-نى پەيدا قىلىپ، ھاياجان ئىلكىدە پارتىلاشقا ئاران تۇرغان ئىشىق پىلتىسىگە ئوت ياقتى.

ــ قولىڭىزنى بېرىڭ، سىزنى تارتىۋالاي، ــ دېدى ئابلەت كۆل دامبىسىدىن تۆۋەنگىرەك چۈشۈپ،تېخىچە جايىدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرغان گۈلئايشەمگە قاراپ قولىنى سوزۇپ .

ــ ئۆزۈم چىقالايمەن ــ شۇنداق دەپ يامىشىپ چىقىش ئۈچۈن قولىنى ئۆزىتىشىغىلا يەنەكۆل ئىچىگە سىرىلىپ كېتىۋاتقان گۈلئايشەمنىڭ قولىنى ئابلەت چاققانلىق بىلەن كاپپىدە تۇتۇۋالدى . گۈلئايشەمنىڭ پاختىدەك يۇمشاق ئالقانلىرىدىن تارقىغان ئوتلۇق ھارارەت ھاسىل قىلغان غايىۋانە كۈچنىڭ قۇدرىتىدە ئابلەت ئۇنى لىككىدە كۆتۈرۈپ كۆل دامبىسىغا ئېلىپ چىقتى ۋە تېپچەكلىسمۇ يەرگە قويغۇسى كەلمىدى.ئۇنىڭغا ئوتلۇق كۆزى بىلەن زەن سالدى.قويندىكى ئېگىز بويى،بەدەن تېرىللىرى قاردەك ئاق،بىر جۈپ كۆكسى ئەتلەس كۆڭلىكىدىن ئىككى دانە سىلىق ئالمىدەك كۆتۈرۈلگەن،ھېلال ئايدەك چىرايلىق قاشلىرىنىڭ،تەكشى قويۇلغان مەجنۇنتالدەك قويۇق كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى تولۇن ئاينىڭ سۈت رەڭ نۇردا پارلىغان ئاشۇ كۆل سۈيىدەك تىنىق ھەم پاكىز گۈلئايشەم ئابلەتنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېرىتىۋەتتى. بېلىقتەك پىلتىڭلىغان گۈلئايشەم ئۇنىڭ قويىنىدىن يۇلغۇنۇپ چىقىپ، ئالدىغا چۈشۈپ قالغان ئۇزۇن ھەم تومى ئىككى تال ئۆرمە چېچىنى ئەپچىل ھەركەتتە بىلەن مۈرىسىدىن ئارقىسىغا تاشلاپ،سۇ توشقۇزۇلغان چېلەكنى ئەپكەشكە ئىلىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ــ توختاپ تۇرۇڭ،سىزگە گېپىم بولغاچ ھاشاردىن قېچىپ كەلگەن ئىدىم...

ئابلەتنىڭ تىترەڭگۇ ئاۋازى بىلەن چاقىرىشى ــ گۈلئايشەمنىڭ ھوجۇدىنى لەرزىگە سالدى، ئارقىغا يېنىپ ئابلەت بىلەن شۇنداق ئوتتەك پاراڭلاشقۇسى،بۆرىنىڭكىدەك كەڭ گۆرەنلىرىگە بېشىنى قويۇپ قۇچىقىدا ئولتۇرغۇسى،ھەتتا قىزلىق شەرم-ھايا ئۇنى توسۇپ تۇرمىغان بولسا شاۋقۇنلاپ تۇرغان مۇھەببەتلىك ھېس-ھاياجانلىرىنى جىنەستىدەك شېرىن لەۋلىرى بىلەن ئابلەتنىڭ يۈرىكىگە قۇيۇۋەتكۈسى بار ئىدى.

ـــ ئەتە قوناقلىقتا ئوتقا چىقىمەن ــ ئەمدىلا ئون قەدەمچە ئۆزۈغان گۈلئايشەم ئارقىغا خۇش تەبەسسۇم بىلەن قىيا بۇرۇلۇپ شۇنداق دېيىلا يەنە يولغا راۋان بولدى. چىرايلىق ئۆرۈۋالغان قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ھەر چامدىشىدا ئىنچىكە بىلىنىڭ تولغىنىشىغا ماسلىشىپ تەۋرىنىپ مېڭىۋاتقان گۈلئايشەم خۇددى ئابلەتنىڭ يۈركىنى ئەپكەشكە ئىلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇ قانچە يىراقلاشقانسېرى ئۇنىڭغا تەلمۈرگەن ئوتلۇق كۆزلىرى شۇنچە غۇۋالىشىپ، تىنىدىن ئاجرىغان روھى گۈلئايشەمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگىشىپ كېتىپ بارغان ئابلەت بۇتتەك داڭ قېتىپ قالغان، گۈلئايشەممۇ ئابلەت ھېلىلا كېلىپ ئىشىكنى چېكىدىغاندەك، دەرىزىدىن ماراۋاتقاندەك تۇيغىدا بولۇپ، ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىك- دەرىزىلەرگە پات - پات خۇمالاشقان كۆزلىرىنى تىككەن، ھەتتا ئابلەت ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تۇرۇپ « گۈلئايشەم » دەپ چاقىرۋاتقاندەك زاھىر بولۇپ،كۆزلىرىنى ئېچىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان، خىجىللىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى.

ۋوجۇدىنى چىرمىۋالغان شىرىن تۇيغۇ، تاتلىق سىزىم گۈلئايشەمنى شۇ ئاخشىمى ئۇخلاتماي تۈننى تاڭغا ئۇلاشتۇرغان ئىدى ... مانا شۇنداق قىلىپ، گۈلئايشەم دادىسى رەھمەتلىكنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئابلەت بىلەن قېچىشىپ كەتكەن،ھەتتا دادىسى رەھمەتلىكمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن يۈرۈتتا بېشىنى كۆتۈرەلمەي، ئىزا-ئاھانەت دەستىدىن كېسەلمەن بولۇپ،ئۆرە بولالمايلا كۆز يۇمغان ئىدى. گۈلئايشەم بىر يوقسۇل، يېتىم بىلەن ئۆي تۇتقان بولسىمۇ،ئۆزىنى بەختلىك،تەلەيلىك ھېسابلاپ يۈرگەن ۋە ئارقا-ئارقىدىن بۇ دۇنياغاكۆز ئاچقان ئىككى ئوغلى يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان ئەر-ئايال ئىككىسىنى ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمدۈرگەن ئىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە توپىغا مىلىنىپ، ئېتىزلاردائىشلىدى. قىغ-شالتاققا مىلىنىپ چارۋا باقتى. تۆت تېمىدىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇردىغان كونا ئۆيىنى يېڭىلىدى ، گىلەم سالدى ، تىراكتور ئالدى... شۇنداق قىلىپ گۈلئايشەمنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئابلەت مەھەلىدىكى «بېيىش ئۈلگىسى» بولۇپ كۆزگە كۆرۈندى. مەھەلىدىكىلەرنىڭ ئىتراپ قىلىشىغا،ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئابلەت شۇ يىلى بۇ كەنتنىڭ سېكرتارلىقىغا سايلاندى.«مانتا كۆرمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۈم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك ئۇ سېكرىتار بولۇپ، بارا-بارا ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ ، ئاستا-ئاستا خوتۇن-بالىلىرى بىلەن كارى بولمايدىغان،باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولىۋالدى. ساشاڭجاڭغا يولۇققاندىن بىرى ئۇنىڭغا «ھەل قىلىش» جىنى چاپلىشىپ، ئادەم قېلىپىدىن چىقىپ، ھازىرقىدەك ئەھۋالغا كېلىپ قالغان ئىدى. تورۇسقا قاراپ ياتقان گۈلئايشەم بىردىنلا بېشىنى بۇراپ، ئاچچىق ئەسلىمىلەرگە تولۇپ نەملەشكەن كۆزلىرىنى ئابلەتقا ئاغدۇرۇپ، ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇشقا باشلىدى. ئۇ راستىنلا ئاشۇ شىرىن ئەسلىمىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەندىمۇ؟ ئۇ مېنى كەمپۈتنىڭ شۆپىكىنى، قوغۇننىڭ شاپىقىنى تاشلىغاندەك شۇنچە ئاسان خىيالىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىغاندىمۇ ؟ ياق، ياق! ئۇ ئۇنۇتمىدى، ئۇ ئېزىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاشۇ ساشاڭجاڭ دېگەن ئادەم ئۇنى ئازدۇرۇۋاتىدۇ، ئۇ ھامان بىر كۈنى مېنى ئىزلەپ بارىدۇ، ئاۋالقىدەكلا سېغىنىدۇ، ئاشۇ كۆل بويىدىكىدەك يەنە مېنى قايتا ئوتلۇق باغرىغا باسىدۇ، ئاشۇ ئۆستەڭ بويىدىكىدەك يەنە مېنى ئوتلۇق مېھرى بىلەن سەۋدايىلارچە سۆيىدۇ...شۇلارنى خىيال قىلىپ ئۆمۈدۋار ھېسلارغا چۆمگەن گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرۇپ، كەچ كۈز سەھىرىنىڭ سوغىقىدا تۈگۈ-لۈپ يېتىۋالغان ئابلەتنىڭ

يوتقانلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ يۆگىدى، ئۇنىڭ بېشىدا بىر ھازا تۇرۇپ، قاش-كۆزلىرىگە ئۇزاق زەن سېلىپ،مىسكىنلىك تۆكۈلۈپ تۇردىغان كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

ئاھ،خۇدا! ئالدىڭدا نېمە گۇناھىم بار بولغۇيتى،مېنى مۇشۇنداق ئازاپ-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلغۇدەك! ئاھ، كېرەملىرى كەڭ،قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللا! مۇشۇ تاپتا ئابلەتنى ئۇيقۇدىن بۇرۇنقى نامرات، سادىدا، ئاقكۆڭۈل ھالىتىدە ئويغاتساڭ نەقەدەر ياخشى بولاتتى- .ھە! ئەگەر شۇنداق بولسا، يەنە بىر نۆۋەت ئېتىزلاردا توپا-تۇمانغا بۇلغۇنۇشقا، قوتانلاردا قىغ-شالتاققا مىلىنىشقا رازى بولار ئىدىم. مەن ھازىر كېتىمەن دەۋاتىمەن،بىراق نەگىمۇ بارارمەن؟ مانا دادامنىڭ ئۇ ئالەمگە كەتكىنىگە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە يەتتە يىل بولۇپ كەتتى. ھازىر مېنىڭ بارسام بېشىمنى سىلاپ، ئەھۋالىمنى تىڭشايدىغان داداممۇ يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئابلەتقا ئىشەنچە قىلىپ دادامدىن قالغان يەر-زېمىننى سېتىپمۇ بولدۇم. بارلىقىمنى ئاتاپ،كەلگۈسىدە نى-نى ئارزۇ-ئارمانلارنى كۈتۈپ تەگكەن ئېرىمدىن ئىرشكەن كۈنۈم مۇشۇ تۇرسا،يۇرتۇمنى ھەتتا بىچارە دادامنىمۇ يالغۇز تاشلاپ، يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ قېچىپ كەتكەن مەندەك بىر بالىلىق ئايال قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە قانچە ئۇزۇن تۇرالىسۇن؟ نېمىلا بولمىسۇن، قانداق قېيىنچىلىققا ئۇچۇرىشىمدىن قەتئىينەزەر ئۆزۈمنىڭ ئىززىتىنى، ئادىمىيلىكىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بولسىمۇ مەن بۇ قېتىم قەتئىي كەتمىسەم بولمايدۇ! مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ يۈرىكى لەختە بولغان گۈلئايشەم بىردىنلا ئىچى-ئىچىدىن ئۆرتەپ فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالماي، قولىدا ئاغزىنى ئەتكىنىچە ھويلىغا چىقتى. كېچىچە چۈشكەن يېرىگە ئىز قالدۇرۇپ پاسىلداپ ھەيۋە بىلەن توختىماي ياققان يامغۇر ھازىر خېلى پەسكويغا چۈشۈپ سىم-سىم ياغماقتا. گۈلئايشەم ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئىككى قولىدا يۈزىنى قاماللاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ،ئازاپ ئوتىدا پۇچىلىنىپ ئېچىشقان يۈركىنى يامغۇرغا سالدى.بۈگۈنكى بۇ سىم-سىم يامغۇر بىردەمدىلا ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنىنى چىلىق-چىلىق ھۆل قىلغان بىلەن ئىلگىرىكى ئاشۇ يوقلاڭ يامغۇرلاردا دالدا قىلىپ تۇرغانچىلىكمۇ سىزىم ھاسىل قىلالمىدى، ھەتتا گۈلئايشەمنىڭ كۆيۈشۈپ كەتكەن يۈرىكىنى ئازراق بولسىمۇ سەگىتەلمىدى.ئۇ ئاشۇ چاغلاردىكىدەك سىم-سىم يامغۇرنىڭ يېغىشىنى،لەپ- لەپ قارلارنىڭ چۈشۈشىنى ئۇزۇندىن بېرى تىلىگەن،خۇيمۇ سېغىنغان ئىدى. قار ياكى يامغۇر ياغسىلا ئاشۇ چاغلاردىكى گۈزەل ئەسلىملەرنى،يەنى توساتتىن شارقىراپ ياققان يامغۇردا ئابلەت بىلەن ئىككىسىنىڭ ئېتىزلىقتىن قول تۇتۇشۇپ،ئوغۇت خالتىسىنى دالدا قىلىشىپ ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ كىرگەن ۋاقىتلىرىنى،قار ياققان ۋاقىتلاردا ئابلەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ شۇنچىلىك خاتىرجەم ھالدا شوتىغا يامىشىپ ئۆگزىگە چىققان، سۈپۈرگەن قارلىرىنى ئابلەتنىڭ تىشاڭ بىلەن ئارقا تەرەپكە تاشلىغان، شۇ جەريانلاردا ئەركىلىشىپ ئاپپاق قار ئۈستىدە يومداقلىشىپ ئوينىغان چاغلىرىنى يادىغا ئېلىپ روھى كۆتۈرۈلۈپ، ھوجۇدىنى بەخت تۇيغۇسى قاپلاپ، ۋاقىت ئارقىغا يېنىپ ئاشۇ چاغلارغا قايتىپ

قالغاندەك شۇنچىلىك تاتلىق ھاياجانلىق ھېسلارغا چۈمۈلەتتى. يېزىنچە بىر تامچىمۇ ياغماي بەكىمۇ سىغىندۇرۇپ تەستە ياققان بۇ سىم-سىم يامغۇر ھازىر ئەكسىچە ئۇنى ئەلەملىك نىدا قىلدۇردى.

ھە...ي، ئاشۇ چاغلاردا بەختىنىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتىدە ئېرىگەن يۈرۈگۈم شۇ سۆيۈملۈك يامغۇر تامچىللىرىغا قوشۇلۇپ، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرۇشى ئۈچۈنلا ئاسماندىن مىننەت-تاماسىز، سۇر-ھەيۋىسىز،غەمسىز تامچىسا ۋە ياكى پاكلىقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە مەڭگۈ ئاشۇ ئاپپاق قارغا كۆمۈلۈپ، ھوجۇدۇمنى چىرمىغان ئاشۇ بەختىنى قۇچاقلاپ بىردىنلا توڭلاپ كەتكەن بولسام شۇندىلا بۇ نازۇك كۆڭلۈم مۇشۇ ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى، دەرت-پىغانلارنى سەزمەس بولارمىدى، ھە ! ؟

يامغۇردا بىر ھازا تۇرۇپ ، ئىچ-ئىچىگە ئۆتۈشۈپ كەتكەن سوغۇق دەستىدىن پۈتۈن بەدىنى لاغىللداپ تىترىگەن گۈلئايشەم يامغۇر سۈيى تامچىپ تۇرغان چاچلىرىنى، كىيىم-كېچەكلىرىنى سىقتى، مسكىنلىككە تولۇپ ئېغىرلاشقان ھوجۇدىنى تەستە كۆتۈرۈپ تۇرغان جانسىز پۇتلىرىنى سۆرەپ ئاستا ئۆيگە كىردى.گۈلئايشەم بىردە لايدەك ئۇخلاۋاتقان ئابلەتكە،بىردە بىر-بىرىگە چاپلىشىپ ياتقان ئوماق بالىللىرىغا كۆز تىكىنىچە تامغا يۆلىنىپ بىر ھازا روھسىز ئولتۇردى. مانا خورازنىڭ چىللىشى بىلەن تەڭ تاڭ نۇرىدا بۇ ئۆي ئىچى سۇس يورۇشقا باشلىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتتى . گۈلئايشەم ئابلەتنىڭ باشتا سۇر-ھەيۋە قىلشى ، كېيىن ئالداپ يالۋۇرىشلىرىگە،ئېسلىپ تىزلىنىشلىرىغا قارماي، ئەمدىلا مەكتەپ يېشىغا توشقان چوڭ ئوغلى نۇردۇن ئابلەتقا ، كىچىك ئوغلى زوردۇن ئۆزىگە قالدىغان بولۇپ ئاجراشتى. شۇ كۈنى گۈلئايشەم ئۆزى ئون نەچچە يىل ئەجىر قىلىپ،جان كۆيدۈرۈپ تۇتقان ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا ھويلا-ئارامىلارغا ئۇزۇن زەن سېلىپ كۆزىگە ئىسسق ياش ئالدى.ئۆيلەرنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تازلاپ، تۈزەشتۈرۈش جەريانىدا ئۆز قولى قىلغان يوتقان-كۆرپىللىرىگە، ئائىلە جابدۇقلىرىغا، تۆشۈك سەرەمجانلىرىغا قيالماي،مېھرى بىلەن سىلاپ-سۇرتۇپ رەتلىدى. ئابلەت بىلەن چوڭ ئوغلىنىڭ قىشلىق،يازلىق كىيىم-كېچەكلىرىنى تاراملاپ ئېقىپ تۇرغان كۆز-ياشلىرى قوشۇلغان سۇدا پاكىز يۇيۇپ دەزماللاپ ، ئىككى بوغچىغا ئايرىم-ئايرىم رەتلىك قاتلاپ چىگىپ جايلاشتۇردى . گۈلئايشەمنى كۆرسە مەرەپ، سۈۋۈنۈپ كېتىدىغان قوي، كالىللىرىنىڭ قوتىنىغا كىرىپ ئاخىرقى قېتىم چۆپ-سامان سېلىپ، يۈڭلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ خوشلۇشۇپ،ئىككى ئوغلىنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن چىقتى.

— كەتمىسەڭ بولاتتى خوتۇن— دېدى خېلىلا ساڭپىيىپ ياۋاشلاپ قالغان،دەرۋازىسى ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ دامبىسىدا بۇرنىنى تاتلاپ ئولتۇرغان ئابلەت.

— كەنتنىڭ ئىشىدىن قول ئۈزۈڭ ، ساشاڭجاڭ بىلەن ئالاقە قىلماڭ دېسەم گېپىمگە

كىرىمىدىڭىز شۇ، ــ دېدى كۆز ياشلىرى مارجاندەك تۆكۈلۈپ تۇرغان گۈلئايشەم.

ــ بۇندىن كېيىن ساشاڭجاڭ كەلگەندە تاماق ئەتمىسەڭغۇ بولا،كەتمىگىن جېنىم خوتۇن بولامدۇ؟ــ يالۋۇرۇشكە باشلىدى ئورنىدىن قوزغۇلۇپ گۈلئايشەمنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالغان ئابلەت بىچارىلىك ئالامىتى ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، ــ بۇنداق قىلما، يۈر،ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، بۇندىن كېيىن سېنى ھەرگىز ئۇرمايمەن،كەتمىگىن...

ــ مەنمۇ كۆپ ئويلاندىم، ئەڭ ياخشىسى ئىككىمىزنىڭ ئاجرىشىپ كەتكىنىمىز تۈزۈككەن، رىزقىمىز مۇشۇنچىلىك قوشۇلغان ئوخشايدۇ بىزنىڭ. ھە راست، ئىككى لىگەن چۆچۈرە تۈگۈپ قويدۇم،قايىنتىپ يەسىز. قىش كېلىۋاتىدۇ، قېلىنراق كىيىنىپ، قورسىقىڭىزغا ئوبدانراق يەپ يۈرۈڭ...ــ مۇشۇلارنى دەۋېتىپ ئىچ ئىچىدىن قاپسىلىپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى توختىتالمىغان گۈلئايشەم بۇقۇلداپ ياش تۆككىنىچە بوغچىسىنى قولىغا ئالدى.

ــ ئۇنداق بولسا ئاز بولسىمۇ ماۋۇنى يېنىڭغا سېلىپ قوي،يولدا خىراجەت قىلارسەن ــ دېدى كۆز قارچۇغى نەملىشىپ قالغان ئابلەت سۇس تىترەۋاتقان لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ.

ــ خوش ئەمىسە ،نۇردۇنغا ئوبدان قاراڭ،ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ...

ــ قىيىلىنىپ قالغۇدەكلا بولساڭ ئىككىلەنمەي قايتىپ كەل...

شۇنداق قىلىپ گۈلئايشەم ئابلەت بىلەن چىرايلىقچە خوشلاشتى، ئۇ خۇددى بىر قانچەيىلدىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىدىغاندەك ئابلەتتىن ھېچ نەرسىنى تالاشمىدى. پەقەت ئۆزىنىڭ ۋە ئوغلىنىڭ كېيىم-كېچەكلىرىنى بوغچىلاپ، يېنىغا ئۆزى ساقلاپ يۈرگەن ئازراق پۇلنى ۋە ئابلەت ھېلى ئۇنىڭ بوخچىسىغا قىستۇرۇپ قويغان پۇلنىلا ئېلىۋالدى.ئابلەت بىلەن ئاخشام پۈتۈشكىنى بويىچە گۈلئايشەم ئوغلى نۇردۇن بىلەن ئاخىرقى كېچىنى بىللە ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئىككى ئوغلىنى باشلاپ ئۆيدىن ئايرىلىپ، قونىغا سەمتاخۇننىڭ ئۆيىگە كىردى .

دالان ئۆيىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇۋالغان،بېشىدىكى شاپاق دوپپىسىنىڭ قۇلقىغا ئۇدۇللاشقان تەرىپىنى ئۇستى ئۆرۈۋېلىپ،ئاق تاۋاقتىكى پۇرقىراپ ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ياغ چۆپىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان سەمتاخۇن كۆرگەن گۈلئايشەم بىردىنلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئىسسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن يەنە كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ھېدىنى سەزگەن سەمتاخۇن قولىدىكى تاۋاقنى داستىخانغا قويۇپ گۈلئايشەمنىڭ مىسكىنلىك تىقىلغان ، ياش بىلەن تەڭلا ساقىپ چۈشۈپ كىتىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى.

ــ يەنە شۇ ئابلەت دېگەن نائەھلى بوزەك قىلغان ئۇخشىمامدۇ سىزنى؟

ــ مەن...مەن ئابلەت بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم سەمتىكا.

ــ مەندىن كېتىپتۇ،شۇچاغدا بۇ نائەھلىنى سىلەرنىڭكىگە ئېلىپ بېرىپ خاتا قىپتىمەن.

www.uyghurkitap.com

ــ ئۇنداق دېمسلە،سىلمۇ كۆپ جاپا چەكتىلە.بىر ئۆتۈنۈشىم بار ئىدى،توغرا كۆرەرلىمۇ؟
ــ مەن سىزنى قىزىمدەك كۆرىمەن،تەكەللۇپ قىلماي،قېنى ئېيتىڭ.
ــ كېيىنكى كۈنلەردە مۇشۇ ئوغلۇمغا كۆز-قۇلاق بولۇپ قويالارلىمىكىن.
ــ كۆز-قۇلاق بولمامدىغان،خاتىرجەم بولۇڭ قىزىم...

گۈلئايشەم سەمتاخۇنلار بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، ئىككى ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ شۇ كېچىنى ئۆتكۈزدى. بىر ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خىيال قىلىپ،يۈم-يۈم يىغلىدى، يۈرەك باغرى ئېزىلدى. چوڭ ئوغلى ئويغىنىشتىن بۇرۇن يولغا چىقىۋېلىش نىيىتىدە تاڭ سۈزۈلۈشكىلا چوڭ ئوغلى نۇدۇنغا، ئۆيگە، مەھەللىگە كۆزى قىيمىغان ھالدا كۆز يېشى قىلىپ،سەمتاخۇن بىلەن پاتەمخاننىڭ ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلىپ ئۇزۇتۇشى بىلەن كىچىك ئوغلىنى يېتىلەپ،بوغچىسنى قولتۇقلاپ، سەمتاخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يان يولدىن چوڭ يولغا چىققۇچە پات-پات ئارقىغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ ماڭدى. بۇ يۇرۇتتا ئون نەچچە يىل تۇرۇپ، ھەر كۈنى قوشنا-قولۇملاغا خۇش تەبەسسۇمى بىلەن چېلقىپ تۇردىغان گۈلئايشەم مانا بىر دەمدىلا يولنىڭ بىر چېتىدە تۇرغان سەمتاخۇن بىلەن پاتەمخاننىڭ، يۇرۇتداشلارنىڭ، كۆرۈش دائىرسىدىن غايىپ بولدى...

6

ئۇدا بىر قانچە كۈن ياغقان قار بىلەن تەڭ ئابلەتنىڭ كەڭرى قورۇسىدىكى ئاۋاتلىقلارئاياغلاشتى. ئۆي ئىچىنى تىمتاسلىق، غېرىپلىق باستى.ھەر خىل مېۋە-چېۋە، گۈل-گىياھلار بىلەن كۆركەم كۆرۈنىدىغان ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بېغىمۇ خۇددى ھازا تۇتۇپ غەمكىن بولۇپ قالغان كىشىدەك تۇتۇلغان ئاسماندىن ياغقىلى ھەپتىچە بولۇپ قالغان قىلىن قارغا كۆمۈلۈپ ، يېزىنچە چۇلدۇرلىشىپ سايرىغان قۇشلىرىنىمۇ گۈلئايشەم بىلەن تەڭ يىراقلارغا ئۇزاتتى. گۈلئايشەمگە يامان ئۈگۈنۈپ قالغان توخۇلارمۇ كۈزدە چىقارغان چۆجىلىرىنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ ، ئۈنگەدىن بىر ئۇچۇم دان ياكى نەمدەلگەن كېپەك تەمە قىلىشىپ، شىللىسىنى ئۇرۇشۇپ ئىشىك تۈۋىدە ئۇزۇن چۇرۇقلىشىپ ئىلاجىسىزلىقتىن يەنە كاتەكلىرىگە قايتىشتى.

نۇردۇنمۇ ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئەتىگىنى، كەچتە ئانىسنى سېغىنىپ ئۆيلەردىن، قوتانلاردىن ھويلا-ئارامىلاردىن ئۈنى ئىزلەپ يۈرۈپمۇ تاپالمىدى، چاقىرىپ يۈرۈپمۇ ئاڭلىتالمىدى. ئابلەت گۈلئايشەمدىن ئايرىلغاندىن بىرى ھە دېسىلا بازارغا بېرىپ چىلاشقىچە ئىچىپ، ئۆيگە كەچ كىرگەندە مەس پېتى كېلىدىغان، ھەتتا بەزىدە مۇشۇ قەھرىتان قىش كۈنلىرىدە نۇردۇننى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. ئابلەت كەچ قالغان كۈنلىرى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ،

دەرۋازا ئالدىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان نۇردۇننى سەمتاخۇن ئۆيىگە ئەكىرىپ، ئىسسىق تاماق بىرىپ، ئامال بار ئابلەت كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ماڭغۇزاتتى-دە، يولنىڭ بىر چېتىدە خېلى ئۇزۇن كۈزۈتۈپ تۇراتتى. ئەگەر ئابلەت يەنە كەلمىسە ئۇنى ئۆيىگە ئەكىرىپ قوندۇرۇپ، ئەتىگىنى ناشتىلىق بىرىپ، يېنىغا بىر، ئىككى يۈەن پۇل سېلىپ قويۇپ مەكتەپكە يولغا سالاتتى. بۇ جەريانلاردا سەمتاخۇن قاتتىق ئېھتىيات قىلاتتى. چۈنكى، نۇردۇننىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلىكىنى ئابلەت بىلىپلا قالسا ئۇنى ئۇرۇپ،زۇلۇم قىلاتتى.

...ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىشقا بەلگە بىردىغان قوڭغۇراق مانا بۈگۈن يەنە ئوخشاش ۋاقىتتا چېلىندى. باللار دەرىسخانىدىن بوغچىللىرىنى يۈدۈشۈپ، خۇددى باھار كېلىپ ھاۋا ئىللىغاندا ھەسەل ھەرىللىرى ھەرە ساندۇقىدىن ئوخچۇپ چىققاندەك، ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتى ئېقىپ تۇردىغان قوزىلارنىڭ ئانىسىنىڭ كەينىدىن ئەركىلەپ، قىيغىنىپ سەكرىگەندەك خۇشال ھالدا ئويناقشىپ چىقىۋاتقان باللار مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاۋاتقان ئاتا-ئانىللىرىغا ئەركىلىشىپ ئۆزىنى ئېتىشماقتا، بويۇنلىرىغا گىرە سېلىشىپ سۆيۈشمەكتە ... ئەمما نۇردۇن بۈگۈنمۇ ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش مەكتەپ دەرۋازىسدىن ھەممە باللارنىڭ كەينىدىرەك چىقتى. ئۇ ھەسەل ھەرىسىدەك ئوخچىيالمىدى، قوزا بولۇپ قىيغىنىپ سەكرىيەلمىدى، بىرەرسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپمۇ سۆيەلمىدى. ئۇ پەقەت ئانىسىدىن ئېزىپ قالغان بوتلاقتەك ئىختىيارسىز بېشىنى تىز-تىز بۇراپ، گۈلئايشەمنى ئىزلىدى ئاندىن يولنىڭ چېتىدە بوينىنى قىسقان ھالدايانىدىكى ماگىزىنلاردىن ئاتا-ئانىلارنىڭ ساۋاقداشلىرىغا بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ بىرىۋاتقانلىقىغا بىچارىلىك ئەكس ئەتكەن كۆزلىرىدە زەن سالدى دە، سەمتاخۇن ئەتىگەن بەرگەن پۇلنى دەرھال ئىسىگە ئېلىپ، ئازراق كەمپۈت سېتىۋېلىپ يولدا يىگەچ ماڭدى...

كۈنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتمەكتە. يىگىي يىلمۇ كىردى، گۈلئايشەم كەتكىلى مانا تۆت ئايچەبولۇپ قالدى. جاندىن ئۆتكىدەك قەھرىتان سوغۇقتىكى تۆت ئاي ئابلەتقا خۇددى تۆت يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ جەريانىدا ئابلەت گۈلئايشەمنى بىر قېتىم ئىزلەپ بىرىپمۇ،خېلى سۈرۈشتۈرۈپمۇ دىرىكىنى ئالالمىدى. گۈلئايشەم كەتكەندىن بىرى دەرۋازا بىلەن ئۆيىنىڭ ئىشكى ئارلىقىدا بىر چىغىر يول ھاسىل بولغان، ئۆيلەر بىرەر قېتىممۇ تازلانمىغان، قاچىلارنىڭ ھەممىسى چاي يۇقى پېتى تۆشۈكتە چېچىلغان، مەشنىڭ ئالدىدىكى كۈلمۇ تاغدەك دۆۋلەنگەن، قويغىنى قويغان، تۇتقىنى تۇتقان يەرگىلا تاشلانغان.گۈلئايشەم كەتكەن كۈنى ئاخشىمى سېلىنىپ، تا ھا-زىرغىچە بىرەر قېتىممۇ يىغىلماي پۈرلۈشۈپ كىرلەشكەن يوتقان ئىچىدە تۈگۈلۈپ، كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولسىمۇ، تېخىچە غەپلەت ئۇيقىسىدا ئۇخلاۋاتقان ئابلەت ئۇلىنىش مۇزىكىسى تەڭشەلمىگەن يانفۇننىڭ سەت جىرڭلىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغاندى. تۆپە-تۆپىگە نەچچەقېتىم يېغىپ دۆۋلەنگەن ھويلىدىكى قېلىن قارنىڭ نۇر قايتۇرشى بىلەن تېخىمۇ كۈچلەنگەن قوياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرىنىڭ  دېرىزىدىن  چۈشۈشى تەسىرىدە كۆزىنى ئاچالمىغان ئابلەت يوتقانىنىڭ ئايىغىدا تاشلانغان شىمىنى سىلاپ يۈرۈپ تەستە تېپىپ، يانچۇقىدىن تېلېفوننى ئېلىپ قۇلىقىغا تۇتتى.

ــ ۋەي، كىم بۇ ؟

ــ ھازىر مەندىن باشقا كىممۇ ئىزدەر سەن ئەبگانى!

ــ ھوي، ئاللا شاڭجاڭ قانداقراق تۇردىلا؟ دېققەت قىلمايلا تېلېفوننى ئېلىۋېتىپتىمەن ئەمەسمۇ. خاپا بولماي قويىۋەتسىلە، سىلىنى چىقمىدار قىلماي مەن قايتۇراي.

ــ بولدى، بولدى. يېقىندىن بىرى قىينىلىپ، ئىتنىڭ كۈنىنى كۆرۈۋېتىپمۇ نوچىلىقىڭنى قارا. ماڭا سىنىڭچۇ مانا مۇشۇ يېرىڭ يارايدۇ!

ــ يەنىلا مېنى سىلى ئوبدان چۈشىنىلا جۇمۇ شاڭجاڭ، ھې، ھې، ھې...

ــ تۇرمۇش مەسلەڭنى ھەل قىلىپ، بېشىڭنى ئوڭشاپ قوياي دەپ تېلېفون ئېلىشىم. تېزراق كەل، تومۇچۇقتىن بىرنى تەييار قىلىپ قويدۇم، ئەمدىلا ئۈچۈرما بولغان دېگىنە.

ــ ھې، ھې، ھې، مەن ئۈچۈن كۆپ ئاۋارە بولۇپلا، رەھمەت سىلىگە...

ــ قۇرۇق رەھمىتىڭنى قويۇپ،ناھىيە بازىرىدىكى ھېلىقى بىز دائىم باردىغان«قوش يۈرەك» ئارامگاھىغا كەلگىن...

يالغۇزلۇق، غېرىپلىق باسقان، قەھرىتان سوغۇقتا ئىسسىقسىز قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھەلىسىدىكىلەرمۇ سوغۇق نەزىرى بىلەن قاراۋاتقان مۇشۇنداق پەيتتە ساشاڭجاڭنىڭ ئابلەتكە كۆيۈنۈپ تېلېفون قىلىشى بۇ  ئۆمرىدە ئاتا مېھرى نېسىپ بولمىغان  ئابلەتنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئاتىلىق كۆيۈنۈش، ئىللىق سىزىم پەيدا قىلىپ، ئۇنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ۋۇجۇدىنى  يىغا تۇتقاندەك  بولۇپ  ھاياجانلىق  ئىسسىق بىر خىل مېھىر تەپتى تومۇرلىرىدىن شور قىلىپ  ئۆتتى.

ئابلەت بىر ھەپتىدىن  بېرى قىردۇرماي قاغىنىڭ چاڭگىسىدەك بولۇپ كەتكەن ساقلىنى پاكىز ئالدى. گۇلئايشەم كېتىشىنىڭ ئالدىدا يۇيۇپ، دەزماللاپ قويغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇر كىيىمنى كەيدى.  نەچچە كۈن ياققان قاردا كۆمۈلۈپ قار بوۋايغا ئوخشاپ قالغان موتوسىكلىتىنى تەستە ئوت ئالدۇرۇپ يولغا چىقىپ، تاتلىق خىياللار  ئىلكىدە سۆڭەكتىن ئۆتكىدەك سوغۇقنىمۇ ئۇنتۇغان ئابلەت رېستوران ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

ــ ھوي بويتاق ، مانا، مانا، بىز بۇياقتا، ـ دېدى بولۇڭدىراق جوزىغا جايلاشقان ساشاڭجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمدىلا ئىشىكتىن كىرگەن ئابلەتنى قولىدا شەرەتلەپ.

تېخى كەچ بولمىغاچقىمىكىن، رېستوراندا ئادەملەر شالاڭ، پەقەت بەش-ئالتە جوزىدىلا ئادەملەر ئولتۇراتتى. زالنىڭ دېرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن، سۇس چىراغ يورۇقىدا، يېنىك مۇزىكىدىن ھوزۇر ئالغاچ كۆڭۈل سىرلىرىنى دېيىشكەچ قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋاتقانلارمۇ،ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يېڭىلا چىقىرىلغان قورۇملارنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقانلارمۇ،  ھېلىلا كىرىپ

سەي تىزىملىكىنى ۋاراقلاپ، قورۇما ۋە ئىچىملىكلەرنى مۇلازىمەتچىلەرگە بۇيرۇتۇۋاتقانلارمۇ...بار ئىدى. ساشاڭجاڭلار ئورۇن ئالغان جوزىدا ئاللا بۇرۇن ئىچىشش باشلانغان، ئابلەتكە تونۇش ئىككى ئەر كىشى ۋە ناتونۇش ئۈچ ئاياك كىشى ئولتۇراتتى. ئابلەت ئۇلار بىلەن بىر قۇر سالاملاشقاندىن كېيىن بوش ئورۇندۇققا جايلاشتى.

— مانا بۇ مەن ھېلى گېپىنى قىلغان بوستان كەنتىنىڭ سېكرتارى ئابلەت— دېدى ساشاڭجاڭ ئابلەتنى تونۇشتۇرۇپ. ئاقىدىنلا ھەر ئىككى ئەر ئارىسدا بىردىن ئولتۇرغان ئاياللارنى ئابلەتكە تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان سوزۇنچاق يۈز، قاڭشارلىق، ئورۇقراق، زىلۋا بەدەن ئايالنى ماختاپراق تونۇشتۇرۇپ، ئابلەتكە بەلگە بەردى. ئاسىيە ئىسىملىك ئايالنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى پەملىگەن ئابلەت قانچە جەددىيلەشكەنسىرى ئايال ئابلەت تەرەپكە شۈنچە سىغدىلىپ، سوغۇقتىمۇ پەقەت پايپاقلا تارتىۋالغان يوتىسىنى ئۇنىڭ يوتىسغا چاپلاپ، ئورۇندۇق ئاستىدىن پۇتىنى پات-پات دەسسەپ قوياتتى. ساشاڭجاڭنىڭ قولىدىكى رومكا بىر نەچچە قېتىم ئايلاندۇرۇلۇپ، سورۇن تۈزۈشتىكى مەقسەتمۇ ئوتتۇرغا قويۇلدى. ھېلىدىن بىرى ئابلەتنىڭ كەڭ گۆرەنلىرىگە، تۈوم قاشلىرى ئاستىدىكى پىيالىدەك چوڭ كۆزلىرىگە زەن سېلىپ رازىمەنلىك ئالامىتى ئەكس ئىتىپ خۇمالاشقان ئاسىيەنىڭ نۇرى قاچقان قىزغۇچ كۆزلىرى بىردىنلا ئۇنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان شەپكىسىنىڭ گىر-ۋەكلىرى ئاستىدىكى مەزگىلسىز ئاقارغان چېكە چاچلىرىدا توختاپ ساشاڭجاڭ تەرەپكە ئاغدى ۋە ئېڭەكلىرىنى ئوينۇتۇپ ئەركىلەپ تۇرۇپ ئوتتۇرغا گەپ تاشلىدى.

— قارىسلا ساشاڭجاڭ، چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، ماڭا سايە بولغۇچىلىكى يوقمۇ نېمە بۇ بايقۇشنىڭ، ئەڭ ياخشىسى ساناتورىيەگە تاشلاپ بىرىپلا قۇتۇلسىلا بولغۇدەك بۇ تۇققانلىرىنى.

— قوناقنىڭمىچۇ پۇپىكى ئاقارغاندا مەدىكى قاتىدۇ ئەمەسمۇ خېنىم.

— سۆيگە قانمىغان قوناقنىڭمۇ دان تۇتماي تۇرۇپلا قۇلاقلىرى سالپىيىپ، پۇپىكى ئاقىرىۋا-لىدىغىنىنى ئاڭلىماپتىكەنلا دە جېنىم شاڭجاڭ.

— قوللىرى ئەپلىك بولغاندىكىن ئۆزلىرى سۆغۇرۇپ، ئوغۇتلاپ پەرۋىش قىلۋالالا خېنىم.

— ۋاي شاڭجاڭ، تېخى نادانكەنلا ئەمەسمۇ! كۆكىگە سالمىغان ئوغۇتنىڭ يىلتىزىغا بارغىنىنى نەدە كۆرگەن سىلى، بىزچۇ ۋاقتى ئۆتكەندە ئوغۇتلاپ سىكە دان بولۇپ قالغان قوناقلارنى كۆپ كۆرگەن، سوپپىقىنى سويماي تۇرۇپلا مىچ-مىچ سۆيىنى چىقىرىۋېتكەن بىز...

— ئەمما دوستۇم ئاسىيەگە ئەمدىلا دان تۇتقان يۇمران قوناقلا بولسا، مۇشۇ قوياش تەپتى يالقۇنجاپ تۇرىدىغان مېھرىبانلىك باغرىغا چوكۇپ شۇنداق بىر تەرلەنسە ھارارىتىگە بەرداشلىق بىرەلمەي پاسلداپ ئېتىلىپ،بىردەمدىلا ئاقۋالداق چۇرۇچ بولۇپ كېتەتتى-دە،...

سورۇندىكىلەرنىڭ تېتىقسىز يۇمۇر، كۇلكە-چاقچاقلار بىلەن مانا بىردەمنىڭ ئارلىقىدا بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قانچە بوتۇلكا قۇرۇقدىلىنىپ بولدى. شوخ مۇزىكىلىق ناخشىلارغا بىر قانچە رەت ئۇسۇلمۇ ئوينالدى. ناخشىچى قىزنىڭ ئېلان قىلىشى بىلەن زال ئىچىدە يېقىملىق تانسا مۇزىكىسى ياڭرىدى. ئۇسۇل ئوينىغاندا ئاندا-ساندا قوللىرى تېگىشىپ، چاچلىرى سۈۋۈشۈپ ئابلەتنىڭ يۈركىنى زەرەتلەپ تۇتۇك تەپكەندەك سىزىم پەيدا قىلغان قوللار مانا ئەمدى جۈپلەشتى. ئاسىيەنىڭ ئىنچىكە بىلىدىن تارقىغان كۆچلۈك سىزىم ئابلەتنىڭ ئالقان تومۇرلىرى ئارقىلىق يۈركىگەتۇتۇشۇپ، خۇددى قومۇش پۈپۈكىگە ئۇچىرغان يالقۇندەك ئۇنىڭ نازۇك سەزگۈ-نىرىپلىرىغاگۈپپىدە ئوت كەتتى. هاراقنىڭ كەيپىگە قوشۇلۇپ ئاسىيەنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان كۈچلۈك ئەتىر پۇرقى بىلەن تېخىمۇ مەست بولغان ئابلەت ئۇڭ قولى بىلەن ئۇنىڭ ئىنچىكە بەللىرىنى تېخىمۇ قورۇپ، هەدەپ ئالدىغا تارتىشقا باشلىدى. ئابلەتنىڭ بۆرىنىڭ پەنجىسىدەك كۈچلۈك قوللىرىدا شۇنداق بىر قورۇلۇشقا تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئاسىيەگىمۇ بۇ هەركەت تازا خوش ياقتى بولغاي، ئۇمۇ تارتىشمايلا ئابلەت تەرەپكە سىلجىدى . مانا ئەمدى مۇرىسىگە بېشىنى قويۇشى بىلەن ئۆزىنى يوقاتقان ئابلەتنىڭ بارماقلىرى ئىختىيارسىز ئاسىيەنىڭ چاچلىرىنى يەڭگىل سىلىماقتا.قېشىنى ئىنچىكە ياسالغان بۇرۇتتەك قىرقىپ پېشانىسىگە ئېچىۋالغان يۈزىنى هاكىلىغان تامىدەك قىلىۋالغان، قىزارتىۋالغان گۆشسىز لەۋلىرى ئارىسىدىكى تاماكا چېكىشتىن سېسىپ كەتكەن كۆلرەڭ چىشلىرىدىن ئىپلاسلىق پۇراپ تۇرىدىغان بىر بەڭگى ئايال مانا هازىر خوتۇنىنىڭ قەدرى يەتكىچە ئۆتۈلگەن ئابلەتقا خۇددى ئاسماندىكى ئاينى قوينىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ ئويناپ ، كۆكتە بىللە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەكتە ئىدى...

ئاردىن بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. بىر قانچە قېتىملىق ئولتۇرۇشلاردا ئابلەت تاماكىنى ئاغزىغا ئېلىشىغىلا ئاسىيەنىڭ چاقماقنى يېقىپ بېرىشلىرى، ئاچچىق هاراق كانىيىدىن ئۆتۈپ بولىشىغىلا قىزىل چاينى ئۇتلۇتۇپ قويۇشلىرى، مۇزىكا باشلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭ بىلەن بېقىشىپ ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگىدەك نەپىس هەركەتلىرى بىلەن ئۇسۇل ئويناشلىرى، تانسىغا چۈشكەندە بولسا ئاشۇ ئىنچىكە بەللىرىنىڭ، تولغان ساغرىللىرىنىڭ ئۇنىڭ ئالقانلىرىدا شۇنچىلىك يەڭگىل تەۋرىنىشلىرى، ئايرىم خانىلەردە ئۇچراشقاندا ئۇنىڭغا نازلىق بېقىپ، ئەركىلەپ قۇچىقىغا چىقىۋېلىشلىرى، بولۇپمۇ ئاسىيەنىڭ هەر قېتىمقى سورۇندا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن بەدىنىگە لىققىدە كەلگەن، تۈگمىللىرى ئىككى پىشىنى ئاران ئۇلاشتۇرۇپ تۇرغان كالتە چاپىنىنى سالغاندا كوپتىسىنى تىنشۇەتكۈدەك دىڭگىيىپ ئابلەتقا خىرىس قىلىپ، كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان بىر جۈپ كۆكسى ئۇنىڭ خىيالىغا كەلسىلا شەيتانلىرى ئۇنى پۈۋلەپ هازىرلا ئاسىيەنى ئەكىلىۋېلىشقا قىستايتتى. ئەمما ئاسىيەنىڭ ئاشۇ سورۇنلاردا خۇددى كونابەڭگىلەردەك تاماكىنى پۇرقۇرتۇپ چېكىشلىرىنى، تەڭلەنگەن هاراقلارنى پوش دېمەي ئاللا قانداق قوشاقلارنى توقۇپ ئىچىشلىرىنى ، سورۇندىكى دادىسى دېمەتلىك كىشىلەر بىلەن پاسىل ئايرىماي سېرىق يۇمۇرلارغا هەمجۈربولۇپ ۋالاقشىپ كۈلۈشلىرىنى هەم ئۇلار بىلەن بەدەنلىرى تېگىشىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يېقىنلىشىپ،

قۇلاق يېقىشىپ ئاللانېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ، ئابلەتقا قاراپ پىخىلداپ مەسخىرىلىك ھېجىيىشلىرىنى كۆڭلىگە تازا سىغدۇرالمىدى.

ئاسىيەنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، گەپ-سۆزلىرىدىكى بۇ غەيرى ئالامەتلەرگە قاراپ ئابلەتنىڭ ئۇنى كۆندۈرۈۋېلىشقا كۆزى يەتمىدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇنى خۇتۇن قىلىشتا بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئەمما ئۇ بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا مۇشۇ ھالى، بۇ يېشىدا مەڭگۈ خوتۇنلۇق بولالماي قېلىشىدىنمۇ سەل ئەنسىردى. قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئارسالدا بولۇپ تۇرغان ئابلەت بۇ مەھەللىدە تۇزۇكرەك مەسلىھەت ئالغۇدەك ئادىمىنىڭمۇ تايىنى يوق بولۇۋاتقان مۇشۇ پەيتتە يەنىلا ساشاڭجاڭنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەچ يۈز تۇرانە مەسلىھەت ئېلىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇنىڭغا تېلېفون قىلدى.

ــ ۋەي، ساشاڭجاڭ ئاخشامقى سورۇننىڭ ھاردۇقى چىقىپ قاپتىمۇ؟ــ بۇ توغرىسىدا قانداق گەپ باشلىشنى بىلەلمەي گاڭگىرىغان ئابلەت شۇنداق دەپ ئېغىز ئاچتى، ــ ھە راست، ئاخشام ماشىنىللىرىنىڭ ئارقىسىغا بىر يارتا گۆشنى سېلىپ قويۇپ دەپ قۇيۇشنى ئۇنتۇپتىمەن،

ــ ۋاقتىدا توڭلاتقۇلىرىغا سېلىۋالسىلا، پۇراپ قالمىسۇن يەنە ــ گۆش سېلىپ قۇيغانلىقىنى شوپۇرغا تاپلاپ قويغان بولسىمۇ خۇشامەت يۈزىسىدىن ئابلەت بۇ گەپلەرنىمۇ قوشۇپ قويدى.

ــ توڭلاتقۇنىڭ بوش يېرى قالمىغاچقا گۆشىۈڭنى شوپۇرغا بېرىۋەتتىم. ئاڭلىسام ئاخشام ئاسىيە بىلەن بولغان ئىشىڭنى بىر ياقلىق قىلماي تۇرۇپلا كېتىپ قاپسەن،بۇ راستمۇ؟

ــ بۇ گەپلەرنى سىلىنىڭ يانلىرىغا بېرىپ دېيىشەي دەپ شۇ...

ــ ھازىر مەن ئالدىراش، دېدىغاننى مۇشۇ تېلېفوندىلا دە !

ــ مەن...مەن...شۇ ھېلىقى ئاسىيە دېگەن ئايالنى كۆڭلۈمگە تازا سىغدۇرالمايۋاتىمەن، كېيىن تىزگىنلىيەلمەسمىكىن دەپ شۇ...

ــ بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمە! ئەگەر گېپىڭگە كىرمىسە، مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارساڭلا قورۇققىنىدىن ئۇستىخانلىرى ئۇگە-ئۇگىللىرىدىن ئاجراپ لاسسىدە بوشىشىپ كېتىدۇ ئۇنىڭ.

ــ مەن...شۇ...يەنە ئويلىنىپ باقاي ئەمىسە...

ــ مەن سېنىڭ ئىشىڭ توغرىلىق ئۇنىڭغا ۋەدە بېرىپ بولدۇم، شۇڭا تولا تىلىڭنى چاينىماي ئىشىڭنى مۇشۇ ھەپتە ئىچىدىلا پۈتتۈر!

ــ ۋەي، ۋەي، ساشاڭجاڭ مەن ...

«زادى قانداق قىلسام بولار؟-دېدى تېلېفوننى قۇلىقىدىن ئۈزگەن ئابلەت ئۆز-ئۆزىگە سۇئال قويۇپ، ــ بۇنچىلىك دەرجىدە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ساشاڭجاڭنى تويدىن كېيىنمۇ يەنە ئاۋارە قىلىپ" خوتۇنۇم مېنى خاپا قىلىۋاتىدۇ، گەپ قىلىپ قويسىڭىز " دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئــۆزىنى ئەر چاغلايــدىغان كىشــىنىڭ قىلــدىغان گېپىمــۇ ئەمەس دە. ھەي گۇلئايشــەم، ھەي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

گۈلئايشەم، ئازراق پەش قىلىپ قويغىنىمغا ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ تاشلاپ كېتەمسەن دەيمەن؟ مانا ئەمدى يا ئىزلەپ تاپقىلى بولمىسا، نەلەردىمۇ يۈرۈيدىغانسەن، ھە... » دېمىسىمۇ مۇشۇ كۆڭلەردە ھە دېسىلا خىيالىغا گۈلئايشەم كىرىۋالغان ئابلەت ئاسىيەنى ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم سىېلىشتۇرما قىلدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆيگە كېلىپ قالدىغاندەكلا تۇيغۇدا بولۇپ ئۇنى بىر مەزگىل ساقلاپ بېقىپ، كەلمىسە ئىزلەپ تېپىپ ياندۇرۇپ كېلىشنى ئويلىدى. ئابلەت ئاخىرى مۇشۇ خىيالىنى مۇقۇملاشتۇرۇپ، بىر نەچچە كۈن ئۆيىدىن سىرتىقمۇ چىقمىدى، شۇ ئارىدا ساشاگجاك ۋە ئاسىيەلەرنىڭ تېلېفوندا ئالدىرىتىشلىرىغا «ياق» دېمەي، «ئويلىنىپ باقاي» دەپمۇ ئۇلاردىن خېلى دەككىسىنى ئاڭلىغان ئابلەت ھەتتا تېلېفوننىمۇ ئىتىۋەتتى...

بۈگۈن كۈندىكىگە قارىغاندا خېلى سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئابلەت نۇردۇنغا تۇنجى قېتىم ناشتىلىق بىرىپ مەكتەپكە يولغا سالغاندىن كېيىن، كېچىچە قىلغان خىيالى بويىچە گۈلئايشەمنى قانداقلا بولمىسۇن يەنە بىر قېتىم ئىزلەپ بېقىشنى نىيەت قىلىپ، مۇتۇسىكلىتىنىڭ زەنجىر، چۈرۈكلىرىنى پۈتۈن دېققىتى بىلەن ياغلاپ، يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. گۈلئايشەم كېتىپ ئابلەتنىڭ بازىرى قاچقاندىن بىرى قېقىلمىغان دەرۋازىسىنى ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، كالتە ھۆتەل بىلەن توخۇ شاپاق چوقۇغاندەك توكشىتىپ بوش چېكىشى ئابلەتنىڭ دېققىتىنى بۆلدى. ئىمام ئاخۇنۇم ساشاگجاكغا يەرلىك قوچقاردىن پىشىق، خام بولۇپ ئۈچنى يىگۈزگەندىن كېيىن «ئىگىسىدىن كەلسە،بەندىدە ئامال يوق» دېگەن ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇپ، كېسەلمەن ئايالىنى دوختۇر يۈزى كۆرسەتمەي ھەپتە ئىچىدىلا يولغا سېلىپ، رەھمەتلىكنىڭ ئانىسىدىن قالغان ئالتۇن ھالقىسىنى قۇلىقىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ سۇ قىلىپ، بۇنىڭغا رەھمەتلىكنىڭ ئۇنى ئەرمگە يولغا سالىمەن دەپ بۇ ئالەملىكىدە مىڭ بىر جاپادا تىرناقداپ يىققان ئازغىنە دەسمايىسىنى قوشۇپ «ھاجىم» بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئۇنىڭ جامائەت ئالدىدىكى ئابرۇيى مەزىنگە قارىغاندا تۇتۇق بولۇپلا قالماي توي-تۆكۈن، نەزرە-چىراقتىكى بازىرى بۇرۇنقىدەكلا سۇنۇق بولۇۋاتاتتى. شۇ سەۋەپتىن ئىمام ئاخۇنۇم ئۇزۇن يىل ئولتۇرغان مېھراپتىكى ئورنىنى مەزىنگە تارتقۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن توخۇ-كەپتەر، ئوغلاق-سەكلىرى بىلەن ساشاگجاكنى سەمرىتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ يوغان قورسىقىنىڭ دالدىسىدا بوران تەگمەي، تا ھازىرغىچە سەپ ئالدىدا ھاسىسىنى تىرەپ بەرجەس تۇرۇۋاتاتتى.

ــ بىر ياققا جابدۇۋاتامسەن نېمە؟ ــ سوردى سالام-سائەتتىن كېيىن سۈپىنىڭ لېۋىگە سېلىنغان كۆرپىگە جايلاشقان ئىمام ئاخۇنۇم ھويىنىڭ ئوتتۇرسىغا دىيەكلەنگەن مۇتۇسىكلىتىغا قاراپ.

ــ گۈلئايشەمنى ئىزلەپ باقايمىكىن دەپ شۇــ دېدى ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان ئابلەت ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

ــ ئۇ كەتكىلىمۇ بەش-ئالتە ئايچە بولۇپ قالدىغۇ دېيمەن، ھەي ئەخمەق بالام، تۆشۈك مارجاننىڭ يەردە قالغىنىنى سەن نەدە كۆرگەن، ياسىن كىراكەشتىن ئاڭلىشىمچە گۈلئايشەم شەھەردىكى بىرى بىلەن كوچىدا قولتۇقلىشىپ يۈرگىدەك، بولدى ئۇنى ئىزلىمەيلا قوي.

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ ھاجىمكا؟ ياق، ئۇنداق ئىشنى ئۇ ھەرگىز قىلمايدۇ.

ــ ساقال ئەستاخپۇرۇللاغا يەتكەندە ساڭا يالغان سۆزلەپ نېمە قىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھە دېسىلا سەن بىلەن قېرىشقاندەك ئاشۇ سەمتاخۇن دېگەن قېرى كۆكتۆش بىلەن ئىش-پەش تارتىشىپ يۈرگەن ئايال سېنىڭچە ئۇنداق ئىشنى قىلماسمۇ؟ سەن ئەڭ ياخشىسى ساشاڭجاڭ تونۇشتۇرغان ئاشۇ ئايال بىلەن بېشىڭنى قېتىۋال .

ــ ئۇ ئايال تاپتىن چىققاندەك تۇرىدۇ ھاجىمكا، كىيىن خاپا قىلارمىكىن دېيمەن شۇ.

ــ كونىلاردا «خوتۇن ئالساڭ بۇزۇق ئال، تۈزۈۋېلىشلىق ئۆزۈڭدىن» دېيدىغان ھېكمەتلىك گەپ بار. بۇ دېگىنى «بۇزۇقنى تۈزۈپ، ئىمانغا كەلتۈرەلىسەڭ ساۋاپ تاپسەن» دېگەنلىكتۇر. بەك بولمىسا بىر تۇمار پۈتۈپ بېرىمەن، شۇنىڭ بىلەن سىزىقىڭدىن چىقماس بولۇپ كېتىدۇ.

ــ ئاشۇ ئايالنى ئۆڭشىغلى بولارمۇ زادى ھاجىمكا؟

ــ ئىككىلەنسەڭ تەييار خوتۇننى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېشىڭدا لايىقدا بىرى چىقمىقىمۇ تەس، ئاڭلىشىمچە ئۇ ئايال شاڭجاڭنىڭ تۇغقىنى كېلىمىش، بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقالايدىغان بۇنداق پۇرسەت ھەر كىمگە نىسىپ بولىۋەرمەيدۇ جۇمۇ...

ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ «گۈلئايشەم شەھەردىكى بىرى بىلەن كوچىدا قولتۇقلىشىپ يۈرگىدەك، ئاشۇ سەمتاخۇن دېگەن قېرى كۆكتۆش بىلەن ئىش-پەش تارتىشىپ يۈرگەن ئايال سېنىڭچە ئۇنداق ئىشنى قىلماسمۇ؟» دېگەن گەپلىرىدىن ئابلەت بىردىنلا گاراڭ بولۇپ قالدى. گۈلئايشەمنىڭ بىر قانچە قېتىم كېچىدە سەمتاخۇننىڭ ئۆيىدە قونۇپ چىققانلىقىدىن ئۇ پەقەت گۇمانلانمىغان، ھازىرغىچە «يامانلاپ چىقىۋالدى»دەپلا چۈشەنگەن ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئىككىسىنىڭ خۇپيانە ئىشلىرىنى كۆرۈپ قالغاندەكلا دېگەن گەپلىرى ئۇنى گۈلئايشەمنى ئىزلەش نىيىتىدىن ياندۇرۇپ قويدى. ساشاڭجاڭنىڭ ئالدىرتىشى، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ نەسھەت قىلىشى بىلەن بۇ ئىشقا تەۋەككۇل قىلغان ئابلەت ئالدىراپ تېنەپلا گۈلئايشەم بىر قوللۇق بېقىپ ئەي قىلغان، يىلىغايەتتە-سەككىز پاقلان تۆللەپ بېرىدىغان ساغلىقلارنى قوزىللىرى بىلەن قوشۇپ بازاردا ئېلىشقا سېتىپ، تويلۇق ئالتۇن-جابدۇق، كىيىم-كېچەك سېتىۋېلىپ خېلى داغدۇغا بىلەن، يات يەردىن بۇ يەرگە كېلىپ بەزىمخانىلاردا يۈرگەن ئاسىيەنى شۇ ھەپتىسىلا ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى. يىراق-يېقىندىكىلەرنى ئۇزۇتۇپ،بۇگۇن ئەتىگەندىن ھازىرغىچە ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا چىداپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان بېشىدىكى شايى ياغلىقتىن ۋە ئارقىسىدىكى سىرتىمىسىنى ئاداشلىرىنىڭ ياردىمىدە خېلى تەستە ئەتكەن ئۇزۇن توي كۆڭلىكىدىن بوشۇنۇپ، بەدىنىگە

www.uyghurkitap.com

چىپپىدە كەلگەن، بىر قاراشتىنلا ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىنىڭ تولۇق ئىكەنلىكىنى باشقىلارغا ئىسپاتلاپ تۇردىغان يەنە شۇ كېيىمنى كىيىپ، چايناۋاتقىلى خېلى بولغان سېغىزنى پاسىلدىتىپ ئاتقىنىچە ئەمدىلا ئۇھ دەپ ئاشخانا ئۆيگە كىرگەن ئاسىيە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا دەپتەر-كىتابلىرىنى يېيىپ ئولتۇرغان نۇردۇننى كۆرۈپلا ئۆينى بېشىغا كەيدى.

ــ ھېلىقى كۈنى مېنىڭ بالام يوق دەۋاتاتتىڭىز،بۇ بالا بولماي نېمە؟

ــ بۇ بالىنى مەن، قوشنىلارنىڭ ئۆيگە ...

ــ ئاغزىڭنى يۇم،ۋۇھ ئالدامچى! نەچچە قېتىم دادا دەپ چاقىردىغۇ؟

ــ بۇنىڭغا ئاماللىم بار، بىر ئىككى كۈنگىچە...

ــ ياق، ھازىرلا يا ماۋۇ ھارامىلىقنى كۆزۈمدىن يوقات،يا مېنى كەتكىلى قوي! خانئاچاڭنى بالا باققۇچى كۆرۈپ قالدىڭمۇ!...

ھېلىقى كۈنى ئەقلىدىن ئادىشىپ، ئۆز بالىسىدىن تانغان ئابلەت نۇردۇننى باش مەھەللىدىكى تاغىسىنىڭكىگە ئاپىرىپ، ئۇلارنى بىر مەزگىل بولسىمۇ نۇردۇنغا قاراپ قويۇشقا ئاران دېگەندە كۆندۈرۈپ، نۇردۇننىڭ يىغلاپ ئەگىشىشلىرىگە، پۇتلىرىغا ئېسىلىشلىرىغا پەرۋا قىلماي باققىلى بىرىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نۇردۇن مەكتەپتىن قايتىشىدا بىر قانچە قېتىم بۇ ئۆيگە كەلگەن بولسىمۇ ئاسىيە ئۇنىڭ بوغچىلىرىنى ھويلا تېمىدىن ھالقىتىپ يولغا تاشلاپ، سەت تىللاپ دۈشكۈلەپ ھەيدىۋەتتى. نېملا بولمىسۇن خوتۇنلۇق بولۇپ كۆڭلى تەسكىن تاپقان ئابلەت قىشنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدىكى جاندىن ئۆتكىدەك سوغوقنى، ئۇزۇن كېچىنى تۇيمايلاساق-سالامەت يازغا ئۇلىشۋالدى. ياز كېلىپ تەبىئەتتىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ قىشلىق ئۇيقۇ-دىن ئويغۇنىشى بىلەن تەڭ ئابلەتنىڭ ھويلىسىدىكى ئاۋاتلىقلار بارا-بارا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. «قېيىنچىلىق» لىرنى ھەل قىلدۇردىغانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ساشاڭجاڭمۇ پات-پات ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، سېخىلىق بىلەن ئاچقان داستىخىنىغا داخىل بولۇپ تۇردى. بۇ جەريانلاردا ئابلەت پەقەت ساشاڭجاڭنىڭ ئۆيگە كەلگىنىنى بىلىپ، قانداق ۋاقىتتا كىتىپ قالغانلىقىنى تۇيمايدىغان ئادىتىنى ئىزچىل ساقلاپ، قىلچىمۇ ئۆزگەرتمىدى. ئەمما ساشاڭجاڭنىڭ ئابلەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى گەۋدىلىك.

ھازىر ساشاڭجاڭنىڭ ئابلەتكە قىلغان مۇئامىلىسى سىلىق، سىر-ھەيۋىسىز. ساشاڭجاڭنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنىڭ، ئىززەت- ھۆرمىتىنىڭ بۇنچىلىك دەرىجىدە قەدىرلەنگەنلىكىدىن ئابلەت ئالەمچە خۇشال. بۇ خۇشاللىق ئاسىيەنىڭ مېھمان دوستلۇقىدىن كەلگەنلىكى ئېنىق. ئابلەت بۇنى تۇيۇپ قالدى. چۈنكى ساشاڭجاڭنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرى قولىقىغان يەتسىلا ئاسىيەنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن يۈگۈنۈپ-تارىنىپ، بىر نەچچە سائەت ئەينەك ئالدىدىن كەتمەي ئىسكەتنى ئوڭشايدۇ. ئاچچىق قىلىپ بىر نەچچە تەخسە قورۇما قورۇيدۇ.ئابلەت

ئاسىيەنىڭ بۇ ئېسىل خىسلىتىدىن تولىمۇ سۆيۈندۇ، ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك رازى. بۇرۇنقىدەك يۇقىرىغا قارىسا ساشاڭجاڭنىڭ غەزەپ ئوتى چاچراپ تۇرىدىغان يۇمۇق كۆزلىرىنىڭ سەت ئالىيىشىدىن ئەندىكسە، تۆۋەنگە قارىسا گۈلئايشەمنىڭ ھە دېسىلا ياش قۇيۇلۇپ تۇرىدىغان، مىسكىنلىك تىقىلغان كۆزلىرىنى رايىغا قارتالمىغانلىقىدىن قوللىرى قىچىشىپ، ئىچى ئامبۇرنىڭ ئاغزىدىكى سىمدەك سىقىلىشتىن ئابلەت مانا ھازىر تەل تۆكۈس قۇتۇلدى. مانا ھازىر ئابلەتنىڭ ھەر قېتىم سالغان داستىخىنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئاخىرلىشىۋاتىدۇ. ھازىر ئابلەت ھەر ئەتىگىنى خۇتۇننى يېنىدىن تاپالمىسىمۇ، ھەر ھالدا سەمتاخۇننىڭ ئۆيىدىن ئىزلىمەيدىغان بولىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئابلەتنىڭ ھاجەتمەنلىرى سالغان داستىخانغا ساشاڭجاڭدىن باشقا، بىر-بىرىدىن ئېسىل ماشىنىلاردا نە نەلەردىن كەلگەن ئاسىيەنىڭ تاختىدەك ئورۇق پاخما باش ئاداشلىرى، كۆتەكتەك سېمىز ئايپاڭ باش ئۈلپەتلىرىمۇ داخىل بولۇپ،ھەر نۆۋىتىدە ئابلەتنىڭ ئىناۋىتىنى بىر گەزدىن يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاسىيەنىڭ تارشىدەك قورسىقىنىڭ خۇددى قېپىپ قالغان سۆگەت بادىرىسىدەك بىردىنلا قىيا كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى تۇساتتىن بايقاپ قالغان ئابلەت ھازىر قەۋەتلا خۇشال. ئەمما ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقان «ھەل قىلىش» لارغا كۈندۈزلىرى داستىخان راسلاش ھەلەكچىلىكىدە بولۇپ ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا كەچ قىلغان، كەچلىرى بولسا ساشاڭجاڭنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قانغۇچە ئىچىپ قانداق ۋاقىتتا يېتىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا تاڭ ئاتقۇزۇۋاتقان ئابلەت بۇ مۆجىزىنىڭ قانداق ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى خېلى ئويلىنىپمۇ ئېسىگە ئالالمىدى. قانداقلا بولمىسۇن بۇنداق رايىش، يۈزلۈك، ئېسىل ئائىلىدىن ئەۋلات قالدۇرۇپ ئۇنىڭ قانىتىنى بوغۇشلىۋالغانلىقىدىن بېشى كۆككە يەتتى...

7

كۈزلۈك يىغىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش خىزمەتلىرىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ باھالىنىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ناھىيەدە ئېچىلغان ئىككى كۈنلۈك«ئىلغارلارنى تەقدىرلەش» چوڭ يىغىنىغا قاتنىشىپ، خېلىلا كەچ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقان ئابلەت چوڭ يولدىن ئۆيى تەرەپكە بارىدىغان توغرا يولغا قايرىلىشىغىلا مۇتوسىكلىتىنىڭ چىراق نۇرى ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىتىلغان ساشاڭجاڭنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىغا چاپلانغان زاپاس چاقىغا چۈشتى.

— قارامىدىغان بۇ ئادەمنى، ھېلى تېخى يىغىن زالىنىڭ ئالدىقى رەتتە ئولتۇراتتى، بۈگۈن ئەجەپ مېنى خەۋەرلەندۈرمەيلا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ قاپتىغۇ؟ بارىدىغانلىقىنى تىنىپلا قويسا

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ بوغالتىرغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇزۇكرەك تەييارلىق قىلالىشىم ئەمەسمۇ، ھەي...

بۇگۈنكى يىغىندا خىزمەتلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ھاكىمنىڭ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان ئابلەت تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق ئىلكىدە كېلىۋېتىپ مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى بىر ئاز غەش بولدى. ئاسىيەنىڭ مېھمان كۈتۈشتىكى ماھىرلىقى، ئۆزىنىڭ ئۆيدە يوقلىنى چاندۇرمايدىغانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ بىقىپمۇ تازا خاتىرجەم بولالمىغان ئابلەت مۇتۇسېكلىتىنىڭ سۈرئىتىنى سەل تىزلەتتى. مۇتۇسكىلىتىنىڭ سەت ھۆركىرىشى بىلەن تەڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ،قۇلىقىغا يىقىنراق بولغان مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋالغان يانفونىنى بىردىنلا چۈرقىراپ ئۇنى چۆچۈتىۋەتتى.ساشاڭجاڭ ئۇنىڭ ئۆيگە كەلگەن، ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىمۇتاغ بىلەن بويى تالىشىۋاتقان،ھەرقانداق دەرىتمەننىڭ ھاجىتىنى تېزە تۆپىسىدىلا ھەل قىلالايدىغان بۇنداق مۇھىم پەيتتە تېلىفۇننى ئالمىسا بولمايتى.

ــ ۋەي، ئابلەتمۇ سىز، قانداقراق ئەھۋالىڭىز؟

ــ ھەئە، مەن شۇ، ــ دىدى بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى كۈچلۈك شاۋقۇندا خىرە-شىرە ئاڭلىغان ئابلەت مۇتۇسكىلىتىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرگەچ ــ بۈگۈن كۈن ئەرىپتىن چىقتىمۇ نىمە، مىنى «سىز» لەپ يېقىملىق سۆزلەپ ئەھۋال سوراپ كەتتىڭىز خوتۇن؟مانا، مانا دەرۋازا ئالدىغا كېلەي دېدىم، ساشاڭجاڭنى ئوبدانراق كۈتكەچ تۇر، ھازىرلا ئۆيگە كىرىمەن.

ــ تېخىچە ساشاڭجاڭ، ساشاڭجاڭ دەپ، ھازىرمۇ مەسلا يۈرۈۋېتىپسىز دە، بۇ مەن...

ــ گۈلئايشەم! بۇ راستىنلا سەنمۇ؟ قەيەرلەردە، نىمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيدىغانسەن، سىنى ئىزلەپ بامىغان يېرىم قالمىدى مىنىڭ.

ــ مەن ھازىر كۆز يەتكۈسىز سالا-سالا كېۋەز ئېتىزلىرى بار يىراق يەردە، ھامامنىڭ مەھەللىسىدىكى قىزلار بىلەن پاختا تىرىۋاتىمەن.

ــ تازا قىينالغانسەن ھە، قىش كەلگىلىۋاتىدۇ، مۇشۇ سوغۇقتا ھازىرمۇ تىرىۋاتامسەن؟

ــ بۈگۈن كەچ تۈگىتىپ ھېسابات قىلدۇق، مۇشۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئالتە توننىدەك پاختا تىرىپتىمەن، كىلوسى بىر يېرىم كويدىن، توققۇز مىڭ كويدەك پۇل بوپتۇ، نۇردۇننى بەك سېغىنىپ كەتتىم، شۇڭا ياللىنى ئېلىپ كەلسىڭىز بىر نەچچە يىل مۇشۇ يەردە پۇل تاپساق، يا بولمىسا شۇ سېكرىتارلىقنى تاشلىسىڭىز يېنىڭىزغا كەتسەممىكىن دەپ...

ــ مەن... ،مەن ئۇنداق قىلالمايمەن،ھازىر مىنىڭ خوتۇنۇم ھەم ئۇنىڭدىن بىر ئوغلۇم بار،سەنمۇ لايىقىدا بىرەر ئادەم ئۇچرىسا بېشىڭنى ئوڭشىۋال...

ــ مەن...سىز... سىزنى بۇنداق تىزلا ئۆيلىنىۋالا دەپ ئويلىماپتىمەن، بۇندىن كېيىن ئايالىڭىزنى چوقۇم قەدىرلەڭ، ئۇنى ئۇرماڭ، ھېلىقى ساشاڭجاڭ دىگەن بەكمۇ نومۇسىز ئادەم، ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئېھتىيات قىلارسىز، ياز يوروغاندا دادامنىڭ كونا جايىغا تۇرغۇدەك ماكان

قىلغۇبىلىپلا نۇردۇننى يېنىمغا ئەكىلىۋالىمەن، شۇنىڭغىچە ئۇنىڭغا ياخشىراق قاراپ قويارسىز... قۇلىقىغا چېلىك چاپلىغان يانفۇنىدا گۈلئايىشەمنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ئابلەت بىر خىل نادامەت ئىلكىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. ئىسسىق ھەم ئۇزۇن بىر تىنىق ئۇنىڭ ئىچىشىۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن سۇغۇرۇلۇپ كەچ كۈز شاملى بىلەن يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ توپا يەردىلا ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكىنى چېكىپ بولۇپ، ئىشتىنىنىڭ تويىسنى قاققاچ ئۆرە بولۇپ موتۇسىكلىتىنى مىندى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، رولنى ئۆي تەرەپكە قايرىپلا دەرۋازىغا يۆلىنىپ تىرنىقنى تاتلىغان پېتى يىغلاپ ئولتۇرغان، سەمتاخۇن مىڭ قېتىم يالۋىرىپمۇ ئۆيگە ئەكىرەلمىگەن نۇردۇننى كۆرۈپ ئابلەتنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى ۋە مۇتۇسىكلىتىدىن چۈشمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭغا كايىشقا باشلىدى.

— بۇنچە كېچىدە بۇ يەردە نېمە بار ساڭا؟ مېنى زادى خاتىرجەم ياشغىلى قويامسەن-يوق؟ ئاناڭ شۇنچە تالاشسا بەرمەپتىكەنمەن، مانا ئەمدى، ھە...ي، سېنى قانداق قىلسام بولار؟

— دادا، مېنى كەتكۈزۈۋەتمىگىن بولامدۇ؟ ئۇلارنىڭكىگە ئەمدى بارمايمەن دادا...، — دېدى نۇردۇن ۋە ئۆمۈلەپ بېرىپلا ئابلەتنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— كېيىن سېنى چوقۇم ئەكىلىۋالىمەن ئوبدان بالام، يىغلىما ھە— بەزلىگەنسىرى تېخىمۇ چىڭقىلىپ يىغلاۋاتقان نۇردۇننىڭ ئاغزىنى ئابلەت كاپپىدە تۇتۇۋالدى ۋە ئاسىيەنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىردىنلا بېشىنى بۇراپ دېققىتىنى دەرۋازا ئىچىگە ئاغدۇردى. تېخى بوغۇز سېلىنمىغان قوتاندىكى قوىلارنىڭ سوزۇپ مەرەشلىرىدىن، ھويلىنىڭ بۇلۇڭىغا باغلاقلىق ئىتنىڭ خىرقىرغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچ بىر تىۋىش ئاڭلانمىدى.

— كىلە بالام، مۇتسىكلىتقا مىنگىن، مەن سېنى بازارغا ئاپىرىمەن— دېدى ئابلەت نۇردۇننى ئامال قىلىپ تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش نىيىتىدە.

— مۇشۇنداق كېچىدىمۇ بازار بولامدۇ، دادا؟— ھەيرانلىق ئىلكىدە سوردى دادىسىنىڭ مۇئامىلىسىدىن ئىللىقلىق ھىس قىلغان نۇردۇن.

— شۇنداق،كەچتىمۇ بازار بولىدۇ، ھېلىقى چاغدىمۇ كەچتە ساڭا بازاردىن گۆش ئېلىپ بەرگەن ئىدىمغۇ؟ — دېدى ئابلەت ئىلگىرى ئانچە-مۇنچە كەچتە تاماق ئېلىپ بەرگەن چاغلىرىنى نۇردۇننىڭ ئېسىگە سېلىپ.

— شۇ چاغدىكىدەك ئانامۇ، ئۇكامۇ بىز بىلەن بىللە تاماق يەمدۇ؟ — دېدى نۇردۇن ئابلەتنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈمۈد ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولغان قاپقارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ.

— ھەئە، تېزراق بارمىساق ئۇلار يەنە كېتىپ قالمسۇن— ئابلەت شۇنداق دېيىشى بىلەنلا نۇردۇن يۈگۈرۈپ بېرىپ مۇتۇسىكلىتنىڭ ئارقىسىغا يامىشىپ ئۈستىگە چىقتى. نۇردۇننى مىڭ تەستە ئامالداپ دەرۋازا ئالدىدىن ئايرىلىشقا ئۇناتقان ئابلەت مۇتۇسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن شۇنداق تېپەي دەپ تۇرشىغا، ھويلا ئىچىدىن ئاسىيەنىڭ ساشاڭجاڭغا باشقىچە تەلەپپۇزدا خىلىلا چىڭقىلىپ، تەھدىت ئارلاش قىلغان گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ ھەيرانلىق ئىلكىدە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ـ توختىسىلا، مۇشۇنداقلا كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسىلا! بۇ قەلەندەرنىڭ ئۆيىگە ئەكىلىپ قويغانغىلا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېساب-كىتاب ئاخىرلاشمايدۇ تېخى!

ـ ئابلەتنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، ماۋۇنى خىراجەت قىلىپ تۇرۇڭ، مەن يەنە كېلىمەن. گەپنىڭ ئۇرامىدىن بىرەر شۇملۇقنىڭ ھېدىنى سېزىپ جىددىيلەشكەن ئابلەت مۇتۇۋسىكلىتنى جايىغىلا دىيەكلەپ، دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ يوچۇقىدىن مارىدى. ئىچ كېيىم بىلەن ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئاسىيە ۋە ئۇنىڭغا بىر سىقىم پۇلنى تەڭلەپ تۇرغان ساشاڭجاڭ پىشايۋانغا ئېسىلغان لامپىنىڭ يورۇقىدا ئابلەتقا ئېنىق كۆرۈندى ئەمما بۇگۈن شۇپۇر ھېچ كۆرۈنمەيتتى.

ـ مېنى ئالداپ بۇ قەلەندەرنىڭكىدە يەنە قانچىلىك تۇرغۇزماقچى سىلى؟ بالىمۇ سالامەت تۇغۇلدى، ھېلىمۇ چىدىدىم، بىر يىل بولاي دېدى مانا.

ـ ئۆز ۋاقتىدا بالىنى ئالدۇرۋىتىڭ دېسەم ئۇنماي تۇرۇۋالدىڭىز شۇ.

ـ ئاغزىڭلارنىڭ دىمى شۇ بالىدا سىڭىنىڭ، ماڭا تاشلاپ بېرەرمىكىن دەپ ئەنسىرمىسىلە، ئۇنداق قىلسامغۇ ئۇنىڭ جېنىنى غىققىدە ئېلىپ ئاسانلا قۇتۇلۇلا مەندىن .

ـ نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، سىزنى بالا باقمەن دەپ جاپادا قالمىسۇن دەپ، شۇ...

ـ مېنى جاپا تارتمىسۇن دېسىلە ھازىرلا ماۋۇ يالاڭتۆشنىڭكىدىن ئېلىپ كەتسىلە .

ـ بالىنىڭ ئايغى چىققۇچە بولسىمۇ تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئۆسكەندىن كېيىن ناھىيەدىن ئېسىل ئۆي ئېلىپ بېرىمەن، ھازىر قولۇم قىسقىلىق قىلىۋاتىدۇ،ئازراق چىداڭ،ھە.

ـ ياق، ياق، مېنىڭ بۇگۈن سىلى بىلەنچۇ كەتكىنىم كەتكەن،ـ ئاسىيە ناز ئارلاش باتناپ شۇنداق دېدى ۋە ساشاڭجاڭنىڭ كۆتەكتەك توم بوينىغا گىرە سېلىپ، نەچچە غېرىچچە ئالدىغا دومسايغان قورسىقىغا چاپلاندى.

ـ ماقۇل، ماقۇل، بۇگۈن كېچە كەتمىسەمغۇ بولا جېنىم، ئەمما بۇندىن كېيىن قالايمىقان گەپ قىلىپ ئادەمگە قورقاق سالماڭ جۇمۇ. ئالدى بىلەن ئابلەتنى ھازىرلا بىر يەرگە بىرىشقا ئورۇنلاشتۇراي، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ ئىككىمىز...

ساشاڭجاڭ ئۆزىگە چىڭگىلەكتەك ياماشقان ئاسىيەنىڭ تال چىۋىقتەك ئىنچىكە بېلىنى بىر قولىدا تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا يان يانچۇقىدىكى يانفۇننى قولىغا ئالدى. بىر كۆزىنى قىسىپ، دەرۋازىنىڭ قىسىلچىغا نىختىلىپ پاقىنىڭكىدەك پولتۇيۇپ چىققان يەنە بىر كۆزىدە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە زەن سېلىۋاتقان ئابلەت تېلفۇننىڭ دەل ئۆزىگە ئۇرۇلىدىغانلىقىنى پەملەپ،

پاقالچىقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان نۇردۇننى يىتىلەپ، يولىنىڭ ئۇ قاسنىقىغا ئۆتۈۋالدى ۋە يانفۇننى ئېلىپ دەرھال ئېتىۋېتىشكە ئۇرۇندى، بىراق ئۈلگۈرەلمىدى. مانا ھازىر ساشاگجاڭنىڭ نومۇرى ئابلەتنىڭ يانفونىنىڭ ئېكرانىدا لىپىلدىماقتا.يانفۇننى ئېتىۋەتكەن بولسىدى بىر يوللۇق بولاتتى ئەمما ھازىر ئابلەتكە يانفۇننى ئالماسلىقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى .

ــ ماقۇل، ماقۇل، ئورۇنلىرىغا دېجورنىلىكتە تۇرۇۋېتەي، ھە راست بۈگۈن...ۋەي...ۋەي...

ھېچبىر تەييارلىقسىزلا تۇرغان، ئۇنىڭسىزمۇ ساشاگجاڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا جاھاننىڭ بارلىق شاۋقۇن-سۈرەنلىرىنى ئۇنتۇپ، ئارتۇقچە ئويلاشمايلا «ماقۇل» دەپ كۆنۈكۈپ كەتكەن ئابلەت كونا ئادىتى بويىچە شۇنداق دېدى. ئەمما ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش ئابلەتنىڭ ئارقىغا ئۇلاپ

خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىپ ئاۋارە قىلىشىنى توۋۇپ قالغان ساشاگجاڭ ئۇنىڭ گېپىنى تۈگمەستىنلا تېلىفۇننى ئۈزۈۋەتتى. يانفۇننى قولىقىدىن ئايرىشىغىلا دەرۋازا ئالدىغا سۇس شاڭ چىقىرىپ قىزغۇچ يورۇپ تۇرغان لامپۇچكىنىڭ «لاپ» قىلىپ ئۆچۈشى بىلەن تەڭ ھاياجانلىق ھېسسىياتى پەسەيگەن ئابلەت بىردىنلا ئۆزىگە كېلىپ،دېققىتىنى ھويلا ئاغدۇردى ۋە كاللىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە نۇرغۇنلىغان زىددىيەتلىك خىياللار ئەگىپ ئۆتتى.

ئۆي ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىش كېرەكمۇ؟ياق،ياق،ئىككىسىنىڭ گېپى بىردەك قىلىدۇ،قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ ئەمەسمۇ. ياق،ياق! بۇنداقلا بولدى قىلسام بولمايدۇ،مەنمۇ ئانام شۈمەك سالغان ئەر بولغاندىكىن...،مەن نېمىشقا ئۇنداق قىلغۇدەكمەن،ئاشۇ بۇزۇق پاسكىنىنى دەپمۇ؟

بۇنچە زور قۇربانلىق بېرىپ قەھرىمانلىق كۆرسىتىشىمگە ئۇ ئەرزىمىگىدەك. شۇنداق، مەن نېمىگە ئالدىرايمەن، ئەتە تاڭ ئاتسا ھېساپ ئالساممۇ كېچىكمەيمەنغۇ بۇ تاپتىن چىققان بۇزۇقتىن.

ياق، بۇمۇ بولمىغىدەك، ئەگەر ئۇ بۇزۇق چاۋىسىنى چىتقا يېيىپ، قارا قۇشقاچتەك شۇنداق بىر ۋىچىلداپ سۆزلەپ كەتسە، «ئابلەتنىڭ ئۆيىدە قاچان بىر ماجرا بولار»دەپ ئاران تۇرغانلار مەسخىرىلىك ھېجىيىشىپ تاماشا كۆرۈپ كەتسە، بولۇپمۇ ھېلىقى سەمەتنىڭ بېشى كۆككە يېتىدۇ.

ئۇ قەلەندەرنىڭ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىداشالدىمنى چېچىپ ساقاللىرىنى تىترىتىپ بىلەرمەنلىك قىلىپ: «مەن دېمىدىممۇ، زادى...» دەپ باشلايدىغان ئاشۇتېتىقسىز گەپلىرىنى ئاڭلاپ خەلقى ئالەم ئالدىدا مات بولۇپ يەنە ياشغۇچە ئۆلگىنىم تۈزۈك مېنىڭ ! ئۇنداقتا قانداق قىلسام بولار زادى؟ ھە...توغرا، توغرا، «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» ئەمەسمۇ. مەندەك بىر ئەركەكنى يەر بىلەن يەكسەن بولۇشتىن ساقلىيالايدىغان بۇنداق ئۇلۇغ گەپنى قايسى ئەقىللىق كىشى دېگەن بولغۇيتى ھە! مېنىڭ ئالدىمدا تىلى تۇتۇلىدىغان ئىشلىرى ئۆتۈلىدۇ تېخى بۇ بۇزۇقنىڭ. كۈنلەر تېخى ئۇزۇن بولغاندىكىن پۇرسەت كۈتۈش كېرەك، مانا بۇ كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياخشى چارە، ئەڭ ياخشىسى شۇنداق قىلاي...

ئاسىيەنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مۇشۇنداق خۇلاسە چىقىرىپ،جار سېلىنغاتقان «ئەرلىك غورۇرى » ھەر ھالدا تەسكىن تاپقان ئابلەت شامال يۆلىنىشىگە قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى چېتىنغا تىقىپ،قولىغا ئالغىلى خېلى بولۇپ قالغان تاماكىسىغا تەستە ئوت ياقتى.

سىنتەبىرنىڭ ئاخىرىقى كۈنلىرى توختىماي چىقىۋاتقان كەچ كۈزنىڭ ئاچچىق شاملى ئەتىگەندىن بېرى خېلى جانلىنىپ، خۇددى بۇ مەھەلىدىكى بولۇمسىزلىقلارغا نارازى بولۇۋاتقاندەك، يېزىنچە سۆيگە قانمىغان دەل-دەرەخلەردىكى سېرىق ياپراقلارنى شاخلىرىدىن رەھىمسىزلەرچە قېقىپ چۈشۈرۈپ، ناپاك قەدەملەر ئىز قالدۇرغان ئانا زېمىننىڭ يۈزىدىكى قوم-توپىلارنى، ئەخلەت-چاۋارلارنى جان-جەھلى بىلەن ئۇچۇرۇپ قوپۇن ھاسىل قىلىپ، كىشلەرنىڭ كۆزلىرىگە،ھويلا-ئاراملىرىغا، ئېرىق-كۆللەرگە تىقماقتا. شامالنىڭ كۈچىيىشى بىلەن ھېلىدىن بېرى بىر نەچچە قېتىم بىلىنەر-بىلىنمەس تامچىلاپ قويۇپ توختاپ قالغان مۆزدەك سوغۇق يامغۇرمۇ مانا ھازىر بىردىنلا جانلىنىپ،شالاڭ ئەمما ئادەمنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە چۈشسە ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە بېسىم بىلەن دانە-دانە بولۇپ پاسىلداپ يېغىشقا باشلىدى . چاپىنىنىڭ بىر پېشىدە بېشىنى ئورىۋالغان ئابلەت غەزەپ بىلەن چىقىۋاتقان شامالغا يانىدىشىپ چۈشىۋاتقان مۆزدەك سۇغۇق يامغۇردىن ئەندىكىپ يۈزىنى ئۆزىنىڭ قورسىقىغا چاپلاپ، يوتىسىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان نۇردۇننى يېتىلەپ،دالدىلىنىش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ جايلاشتى.

ــ دادا، مەن بەك توڭۇپ كېتىۋاتىمەن، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلىچۇ؟ــ ياندىراق ئولتۇرغان نۇردۇن شۇنداق دېدى ۋە ئۈمۈلەپ بېرىپلا ئابلەتنىڭ قوينىغا كىرىۋالدى.

ئادىمىيلىكنىڭ، غورۇرىنىڭ دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقىنى ھەر ھالدا ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلغان ئابلەت ئىختىيارسىز نۇرنۇننىڭ بېشىنى سىلىدى ، قولىنى نۇردۇننىڭ قولتۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنى تېخىمۇ چىڭ باغرىغا باستى .

ــ دادا، غىدىقىمنى كەلتۈرۈۋەتتىڭىز،ــ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ،ئەركىلەپ تولغانغان نۇردۇن شۇنداق دەپلا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇمران لەۋلىرى بىلەن ئابلەتنىڭ ئەمدىلا يىلتىزدىن قومۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلىغان يىرىك ساقال قاپلىغان مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى ۋە قىزىل نىلۇن رەختتە ياسالغان، ئابلەت بۇگۈنكى چوڭ يىغىندا چاپىنىنىڭ ئوڭ كۆكرەك تەرىپىگە تاقىغان گۈلگە كۆزى چۈشكەن نۇردۇن قىزىقسىنىپ سوردى .

ــ بۇ گۈلنى نېمىشقا تاقىۋالدىڭىز ؟ ماڭا بېرىڭا مەن ئوينايمەن .

ــ ياق، بۇنى ئوينىساڭ بولمايدۇــ ئابلەت شۇنداق دەپ گۈلنى يۇلۇپ ئېلىپ، غەزەپ بىلەن چىقىۋاتقان بورانغا قارىتىپ ئېتىۋەتتى ۋە نۇردۇننىڭ مەيدىسىگە سوزۇلغان يۇمران قوللىرىنى قوينىغا سېلىۋالدى . ئابلەتنىڭ قوينىدا بىر ھازا ئۈنسىز ياتقان نۇردۇن بىردىنلا ئىڭىكىنى كۆتۈرۈپ

ھەيرانلىقتا تولغان قوي كۆزلىرىدە ئابلەتقا قاراپ يەنە ئېغىز ئاچتى.

ــ دادا، نېمشقا  ئۆيگە كىرىپ كەتمەيمىز؟ ئۈيقۇم كىلىپ كەتتى، كىرىپ كېتەيلىچۇ؟

ــ دەرۋازىغا قۇلپا سېلىقلىق ئىكەن، مەندە ئاچقۇچى يوق، جىم يېتىپ ئۇخلا ھە.

ــ ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىپ سىزنىمۇ ئۆيگە كىرگۈزمەپتۇ دە ئۇ ئاچاش، ئۇنداق بولسا  ئىككىمىز سەمتاخۇن تاغامنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇخلايلى ماقۇلمۇ دادا، ماقۇل دەڭە؟

ــ ئۇنىڭ گېپىگە ھەرگىز قۇلاق سالما ! ئاپاڭنىچۇ شۇ قىرى كەتكۈزۈەتتى، ئۇقتۇڭمۇ؟

ــ ئۇقتۇم دادا، بۇندىن كىيىن سىزنىڭ گېپىڭىزگىلا كىرىمەن، ئاپامنى كەتكۈزۈەتكەن ئۇ قىرىنىڭ گېپىگە ھەرگىز كىرمەيمەن .

ــ ھە، ئەمدى مېنىڭ بالامغا ئوخشىدىڭ .

ــ ئاپام بىلەن ئۇكام قاچان كېلىدىغاندۇ؟ ئۇلارنى مىنىڭ بەك كۆرگۈم كەلدى،سىزنىڭ كۆرگۈڭىز كەلمىدىمۇ دادا ؟...

ئۇنى-بۇنى سوراپ بېقىپ تۈزۈك جاۋاپقا ئېرىشەلمىگەن نۇردۇن ئابلەتنىڭ قۇينىدا تاتلىق ئۇيقىغا كەتتى. ئەمما نۇردۇننىڭ ئەڭ ئاخرىدا سورغان سۇئالى ئابلەتنى بىردىنلا تەگسىز خىياللار قاينىمىغا چۆمدۈردى. ئابلەتنىڭ ئەسلىدە گۈلئايشەم بىلەن ھەرگىزمۇ ئاجراشقۇسى يوق ئىدى، ئاجراشماقچى بولۇشقان كۈنلەردە ئۇ گۈلئايشەمگە كۆپ يالۋۇرغان، ناماقۇل بولغان بولسىمۇ، يەنىلا كېتىپ قالغان گۈلئايشەمنى «سەمتاخۇننىڭ كەينىگە كىرىپ مېنى تاشلاپ كەتتى» دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ھازىرغىچە ئاغرىنىدۇ،شۇ تۈپەيلى سەمتاخۇنغا ئۆچمەنلىك نەزرى بىلەن قارايدۇ. ئۆزىگە كەلگەن كېلىشمەسلىكلەرنىڭ ھەممىسنى سەمەتاخۇندىن كۆرىدۇ. ئۆمرىدە ئاتا مېھرى كۆرمەي نامراتلىچلىق، يىتىمچىلىكتە قىينىلىپ چوڭ بولغان ئابلەت ئاتىدارچىلىق قىلىپ بېشنى سىلىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ساشاڭجاڭنى تا ھازىرغىچە نىجاتچىم،پاناگاھىم دەپ يۈرگەن. ئەمما بۈگۈنكى بۇ ھالدىن ئۇ  چۈچۈدى.گۈلئايشەم  بىلەن بىللە باشتىن كەچۈرگەن ئاشۇ گۈزەل مىنۇتلارنى ئابلەت پەقەت ھازىرلا خىيال قىلغىنى يوق.گۈلئايشەم كەتكەندىن بىرى كۆپ قېتىم خىيال قىلغان.ئابلەتنىڭ دىلى چىگىلگەن، غېرىپلىق باسقان،يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئۇنى ئەسلەپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغان،ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلىشىۋېلىش نىيتىدە ئۇنىڭ تۇرغان جايىنى باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپمۇ دېرىكىنى ئالالمىغان ئىدى.ئابلەتنىڭ يۈرەك قېتىدىكى ئۆچمەس ئەسلىملەرنىڭ شاھىدى بولغان گۈلئايشەم ئاشۇ چاغلاردا كەيگەن ئەتلەس كۆڭلىكنى ئەستەرلىك قىلىپ ئەتكەن كونا كۆرپىنى ئىزدەپ تېپىپ ئاستىغا سېلىپمۇ ياتقان.ئاسىيە كېلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئۇ كۆرپىنى چىرايلىق قاتلاپ ئۆگزە بويى تىزىلغان يوتقان-كۆرپىلەرنىڭ ئەڭ ئاستىغا جايلاشتۇرغان.مانا ھازىرمۇ ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى ئاشۇ ياشلىق مەزگىلىدىكى ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىگە يۇشۇرۇنغان ھەم تاتلىق ھەم گۈزەل ئەسلىملەرگە

قاراپ قانات قاقماقتا.

...ئاشۇ چاغ دەل جاھان كۆكچىلىككە تولغان،مېۋە-چېۋىلەر مەي باغلاپ پىشقان، ئېتىزلىقتىكى قوناق مايسىللىرى يېرىم مىترچە ئۆسكەن ياز پەسلى ئىدى.دادىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا قالغان گۈلئايشەمنىڭ كەينىدىن پايلاپ يۈرگەن ئابلەت مانا بۈگۈنمۇ سەھەردىلا گۈلئايشەمنىڭ چىقىشنى كۈتۈپ، سۇغۇرۇش ئېرىقى ئىچىدە مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ ياتتى.ئۇ تۈنۈگۈن چۈشتىمۇ مۇشۇ قوناقلىقتا دادىسى بىلەن بىللە كەلگەن گۈلئايشەمنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىپ،دەل مۇشۇ ئېرىق ئىچىدە تا ئۇلار ئۆيىگە قايتقۇچە چاپلىشىپ ياتقان ۋە گۈلئايشەمنىڭ دادىسى بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنىمۇ ئوغۇرلۇقچە ئاڭلىغان،ئەمما بۈگۈن يەنە قوناقلىققا چىقىش-چىقماسلىق توغرىسىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىگەن ئىدى.

ــ ھە...ي،ئۇ بۈگۈن چىقمايمۇ قالارمۇ،چىقسىمۇ شۇ دادىسى بىللە چىقسا...ــ قىر ئۈستىگەقېلىن تىكىلگەن ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ ئاراشلىرىدىن كۆزىنى قوناقلىققا تىككىنىچە ئېرىق ئىچىدە دۈم يېتىۋالغان ئابلەت شۇ خىياللارنى قىلىپ بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتى.

ــ ياق، ياق، ئۇ چوقۇم چىقىدۇ، دادىسى بىلەن چىقسىمۇ مەيلى، ئۇنى كۆرۈپ ياتسامۇ ھېساب، -ئۆزىگە ئىشەنچ بىلەن خىتاب قىلغان ئابلەت يان باغرى قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر بىلەن قاپلانغان ئېرىق ئىچىدە ئاستا ئۈمۈلەپ ئالدى تەرەپكە سىلجىشقا باشلىدى. ئەمدىلا ئون نەچچە قەدەمچە يىراقلىققا ئۈزىغان ئابلەت بىردىنلا سالپايغان گۈللىرى، قارداپ سولاشقان يوپۇرماقلىرى تاڭ شەبنىمىدە نەملەشكەن ئېرىق ئاستىغا چاپلىشىپ ياتقان، تېخى تۈزۈك دان تۈتماي تۈرۈپلا قومۇرۇپ تاشلانغان ئاپتاپپەرەس شېخىنىڭ تۈۋىگە كىلىپ توختاپ قالدى. ئۇ توشقاننىڭ تېۋىشنى ئالغان قارچۇغىدەك بىردە ئېرىق ئاستىدىكى ئىزلارغا، بىردەيىرىمىدىن كۆپرەك يېرى پاكىز ئوتالغان قوناقلىق ئىچىگە ۋە ئەتراپقا چاققانلىق بىلەن بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى .

ــ دەل مۇشۇ يەر شۇ، ئۇدۇلدىكىسى گۈلئايشەملەرنىڭ قوناقلىقى .

ئاشۇ كۈنى گۈلئايشەم ئوت قاچىلانغان خالتىنى يۈدۈپ دادىسىغا ئەگىشىپ ئۆيىگە مېڭىش ئۈچۈن ئارقىغا ئۆرۈلىشىگىلا، ھوجۇدىدا چەكسىز زارىقىش ئوتى چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئابلەت ئىختىيارسىز ئېرىق قىرىدىن بېشىنى چىقىرىشتا تاينىش ئۈچۈن قولىدا چىڭ تۇتۇۋالغان كەتمەن سېپى تومۇلۇقتىكى ئاپتاپپەرەسنىڭ شېخىنى بىر كۈچەپلا يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىغان، شۇ چاغدا «شاراق» قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىغان گۈلئايشەم مېڭىۋېتىپ ئارقىغا بىر قانچە قېتىم يېنىش-يېنىشلاپ قاراپ كەتكەن ئىدى.

ــ شۇ ۋاقىتتا ئۇ مېنى راستىنلا كۆرگەن بولغىيمىدى؟ شۇنداق،شۇنداق، تۈنۈگۈن ئۇ چوقۇم مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى تۇيدى، ئاپتاپپەرەسنىڭ شارىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئارقىسغا قايرىلىپ،

ئاشۇ خۇما كۆزلىرىدە مەن تەرەپكە خېلى ئۇزۇن زەن سالدى ئەمەسمۇ؟ ئابلەت شۇ كۈنى بولۇنغان ئىشلارنى بىر قۇر ئەسكە ئېلىپ ئۆزىنىڭ خىيالىنى دەللەپ سەل خاتىرجەم بولدى. بىردىنلا ئېتىز قىردىكى بولۇق ئۆسكەن ئاپتاپپەرەسلەرنىڭ شالدىرلىشىدىن چۆچۈگەن قوناقلىق ئىچىگە تۆكۈلگەن قىغ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە تويلىشىۋالغان بىر توپ قۇچقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىپ پۇررىدە كۆككە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ خىيالى بۆلۈنگەن ئابلەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسماندىكى قۇچقاچلارنى ئەمەس بەلكى تېقىمغىچە ساڭگىلىغان ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى ئەتلەس كۆڭلىكى ئۈستىدە باش ھەركىتىگە ماس يىنىك تەۋرىنىۋاتقان قىر بېشىدىكى گۈلئايشەمنى كۆردى. ئىككى قېشىنى سانجاق-سانجاق ئاپتاپپەرەسلەر قاپلىغان ئېرىق ئېچىدە دۈم بولۇپ، قويۇق ھەم بويلۇق ئۆسكەن چۆجگۈنلەر ئارىسىغا بېشىنى تىقىپ ياتقان ئابلەت ئىككى قولىنى تىزىغا تىرەپ ئىڭىشىپ تۇرۇپ بىردە ئارقىسى تەرەپكە بىردە ئېرىق ئىچىگە جىددى تۇس ئالغان خۇما كۆزلىرىدە زەن سېلىۋاتقان گۈلئايشەمنىڭ بۇ ھەركەتلىرىدىن سەل ھاياجانلاندى.«ئۇچۇقۇم مېنى ئىزلەۋاتىدۇ» دېگەن تۇيغۇدا بولۇۋاتقان ئابلەت «مەن بۇ يەردە »دېمەكچى بولۇپ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، ئاغزىنى ئۆمەللىتىشكىلا گۈلئايشەمنىڭ ھەم جاراڭلىق ھەم ئىنچىكە ئاۋازى ئابلەتنىڭ ئانىسىغا زارىققان قۇش بالىسىدەك چوڭ ئۈمۈد بىلەن يوغان ئېچىلغان ئاغزىنى دەرھال يۇمدۇرۇپ ،ئۇنى نەم ئېرىقنىڭ ئاستىغا قايتىدىن چاپلاشتۇرۇپ قويدى.

ــ دادا، ھوي دادا، ئاخشام ئالغان ئوتلىرىم قوناقلىق ئىچىدە قالدىمىكىن قارغاچ كىلىڭە.

بۇ گۈلئايشەمنىڭ ئابلەتنىڭ ئۆزىنى ئىزلەپ بۇ يەرگە كېلىپ يەنە دادىسىدىن كۆڭۈل ئازارى تارتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بەرگەن سىگنالى ئىدى.

دېمەك، تۈنۈگۈن كەچتە قوناقلىقتىكى «شاراق» قىلغان ئاۋازىدىن كېيىن ئەس-يادى ئابلەتتىلا قالغان، تاڭنىڭ ئېتىشىنى ئۇيقۇسىز كۈتكەن، قوناقلىققا كەلگۈچە ياشىنىپ قەدىمى قىسقىراپ قالغان دادىسىنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ، ئېرىق ئىچىگە زەن سېلىپ ماڭغان گۈلئايشەم خېلى يىراقتىنلا ئابلەتنىڭ بادام نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن ئاق شاپاق دوپپىسىنى كۆرۈپ قالغان ئىدى.

گۈلئايشەمنىڭ دادىسىنىڭ خۇرۇم قونجۇلۇق ئۆتۈكىنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازى ئۆزى تەرەپكە بارا-بارا يېقىنلىشىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئابلەت ھەتتا تىنىق ئېلىشنىمۇ توختاتتى، بىردىنلا يۈركى گۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى. ئېرىق ئىچىدە ئۆلۈكتەك بىر ھازا چىڭ چاپلىشىپ ياتقان ئابلەت قوناقلىق ئىچىدە شار-شار قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دىمىقىغا قىغ ھىدى ئۇرۇلغاندىنلا ئوڭدىسىغا بولدى ۋە بىر ھازا ھەسىرەپ تىن ئالدى. ئاندىن ئېرىق قىرى تەرەپكە سۈرۈلۈپ ئىككى ئاپتاپپەرەسنىڭ تۈپ ئارلىقىدىكى يوچۇقتىن قوناقلىق ئىچىگە زەن سالدى. دۈتلانغان تونۇرنىڭ تەپتى كېلىۋاتقان قوناقلىقنىڭ ئوتاپ پاكىزلانغان باش تەرپىدىرەك گۈلئايشەمنىڭ دادىسى

پومزەك-پومزەك قىلىپ تۆكۈلگەن قىغنى ئارا بىلەن چېچىۋاتاتتى.گۈلئايشەم بولسا ئەمدىلا يېرىم مېتىرچە ئۆسكەن يۇمران قوناق مايسىللىرى ئارىسىدىكى خۇددى تېرىپ قويغاندەكلا قويۇق ئۈنگەن، قوناق مايسىللىرى بىلەن تەڭلىشەي دەپ قالغان ئوتلارنى ئوتىغۇچ بىلەن ئېلىۋاتاتتى.

خېلىدىن بىرى بىردە گۈلئايشەمنىڭ، بىردە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ھەرىكىتىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىتىۋاتقان ئابلەتنىڭ تەشنالىق تىقلىغان ئەنسىز كۆزلىرى بىردىنلا گۈلئايشەمنىڭ ئاشۇ ئوت يېنىپ تۇرغان ئاتەش كۆزلىرى بىلەن ئۇچۇرۇشۇپ قالدى.پىشانىسى لاي يۇقى، خۇددى ئانىسىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئۈۋىسىدىن بېشىنى قىيا چىقىرىۋالغان بۆجەندەك بىچا-رىلەرچە ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئابلەتنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن گۈلئايشەم قولىنىڭ دۈمبىسىدە ئاغزىنى توسۇپ پىسسىڭدە كۈلىۋىدى، ئۇنىڭ يۈركىگە گۈپپىدە ئوت كەتتى. گۈلئايشەمنىڭ كۈلگەندە ئىككى مەڭزىدىن چىققان چىرايلىق بىر جۈپ زىناقلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن ئابلەتنىڭ خىيالىنى بىردىنلا گۈلئايشەمنىڭ ئوت يىلتىزىغا ئوتىغۇچنى ھەر ئۇرۇشىغا ئىككى تەرىپىگە سىلىق چايقىلىۋاتقان ئەتلەس كۆڭلىكى ئىچىدىكى بىر جۈپ كۆكسى تارتىۋېلىپ ئۇنى تېخمۇ ساراڭ قىلىۋەتتى. ھاياجانلىق ھېسياتى تېشىغا تېپىپ، بىردىنلا پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر قاپلاپ جاقىلداپ تىترەپ كەتكەن ئابلەتنىڭ ئىچ- ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ بېسىم بىلەن ئېغىز-بۇرنىدىن تەڭ چىقىۋاتقان ھاياجانلىق ھاسىراشلىرىدىن ھېلى ئۇ پىشانىسىدە بېسىپ ئېرىق ئاستىغا چاپلىشۋەتكەن ئوت-چۆپلەرنىڭ يۇمران قۇلاقلىرى يېنىك تەۋرىنىپ ياتقان ئىزىدىن ئۆرە بولماقتا ئىدى. ئۆزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، گۈلئايشەمنىڭ دادىسىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغان، پۈتۈن ئەس-خىيالى گۈلئايشەمدىلا قالغان ئابلەت ئۇلجىسىغا ئېتىلغان يولۋاستەك ئېرىق ئىچىدىن يۇلغۇنۇپ چىقىپ، ئولتۇرغان ئورنىدىن ئۆرە بولۇپ ھاڭېقىپ بۇتتەك قېتىپ قالغان گۈلئايشەمنىڭ قولىدىكى ئوتۇغۇچنى ئېلىپ ئىرغىتىپ تاشلىدى ۋە بىر قولىدا ئۇنىڭ ئىنچىكە بېلىدىن تۇتۇپ يەنە بىر قولىنى يوتىسىدىن ئۆتكۈزۈپ لىككىدە كۆ-تۈرۈپ ئەمدىلا تىزىغىچە ئۆسكەن يۇمران قوناق مايسىللىرىنى پاراسلىتىپ دەسسىگەن پېتى قوناقلىقنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆزىنىڭ يۇرتىغا تۇتۇشىدىغان كۆز يەتكۈسىز چۆل جەزىرە تەرەپكە قاراپ جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈپ قاچتى.مۇشۇ بىر نەچچە ئايدىن بىرى ئارقىسىدىلا يۈرگەن دادىسىنى ئابلەتنى كۆرسىلا ئىسىدىن چىقىرىپ قويىدىغان،ھەتتا ئىختىيارسىز ئابلەتنى خىيال قىلغان ۋاقىتلىرىدا دادىسى يېنىدا ئولتۇرسىمۇ ھەسرەتلىك نىدا قىلىپ ئاۋازىنى تېشىغا چىقىرىپ سالىدىغان بولۇپ قالغان گۈلئايشەم ھازىرمۇ بىچارە دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ھەسرەپ قوغلاشلىرىغا،يالۋۇرۇپ تۇۋلاشلىرىغا،پەريات چېكىپ ئۆزىنى كاچاتلاشلىرىغا قىلچىمۇ ئىرەن قىلمىدى. ئابلەتنىڭ تىنۋشلىرىغا شۇنچە سەزگۈر بولۇپ كەتكەن گۈلئايشەمنىڭ قۇلاقلىرىغا دادىسىنىڭ ئۇن سەككىز يىللىق تۇنۇش ئاۋازلىرى كىرىپمۇ سالمىدى. ئابلەتنى ئىزلەپ بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغىچە زەن سېلىپ تۇردىغان قارچۇغىنىڭ-

كىدەك چاققان پىيالدەك چوڭ قاپقارا كۆزلىرىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا بولسىمۇ دادىسىنىڭ ئاشۇ بىچارە سىماسى ئېلىنىپمۇ قالمىدى. ئىككى قولىدا ئابلەتنىڭ كۆتەكتەك تۇم بويىنىغا گىرە سېلىۋالغان، ھىجران ئوتىدا يۈركى پۇچىلانغان گۈلئايشەمنىڭ خۇمالاشقان ئوتلۇق كۆزى ئابلەتنىڭ شورداپ گەز باغلىغان تۇم لەۋلىرىگە تىكىلگەن، قولاقلىرى بولسا ئۇنىڭ تەر تەپچىرەپ ھۆل بولۇپ كەتكەن كىگىزدەك كەڭ ھەم يوغلۇق مەيدىسىگە مەھكەم چاپلانغان بولۇپ گۈپۈلدەپ سېلىۋاتقان يۈركىنى تىڭشىماقتا ئىدى. شۇ يوگۇرگەنچە ئۇلار بىردەم ئابلەت گۈلئايشەمنى كۆتۈرۈپ ھاپاش قىلىپ، بىردەم قول تۇتۇشۇپ دېگۈدەك ئۇن نەچچە كىلومېترچە مېڭىپ، كېيىنكى يېزىغا سۇ بارىدىغان غول ئۆستەڭنىڭ مۇشۇ چۆلدىن ئۆتىدىغان بۆلىكىگە كېلىپ توختىدى. ھارارىتى ۋايىغا يەتكەن قوياش تەپتى پۈتۈن جاھانغا ئوت پۈركۈۋاتقان تومۇز ئىسسىقتا تەرلەپ پىشىپ كەتكەن گۈلئايشەم ھەسرىگىنىچە ئۆستەڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، تىمتاس ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدىن چاڭگاللاپ بىر قانچە يۇتۇم ئىچتى، ئاندىن ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئۇستۈنكى توپچىسىنى يېشىپ تەردىن بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى ئىككى قولىدا ئالدى تەرەپكە تارتىپ تۇرۇپ، ئىچىگە قارتىپ پۈۋلىدى. ئۆستەڭ قىرىدا تۇرۇپ قولىنىڭ دۈمبىسىدە پىشانە تەرلىرىنى سۈر-تىۋاتقان ئابلەت مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ قىيا كۆرۈنۈپ قالغان سۈتتەك ئاق باغرى-داقسىز كۆكسىگە، قىزارغان مەڭزىگە،ئەمدىلا ئېچىلىشقا تەمشەلگەن گۈل بەرگۈسىدەك يۇمران لەۋلىرىگە،شەھلا كۆزلىرىگە سايە تاشلاپ تۇرغان تال-تال كىرپىكلىرىگە، تال-چىۋىقتەك بوي بەستىگە خۇيمۇ ياراشقان ئەتلەس كۆڭلىكى ئۈستىدە سويلىنىپ ياتقان قاپقارا ھەم ئۇزۇن بىر جۈپ ئۆرۈمە چاچلىرىغا قەدەر بىر ھازا ئاچكۆزلەرچە تويماي قارىدى ۋە كۆڭلىكىنىڭ ئارقا پېشىنى ئىتتىكىگە يىغىپ پومزەك قىلىپ قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ، تىزىغىچە تۈرۈلگەن گۈللۈك ئىشتىنىدىن ئاجرىغان سۈتتەك ئاق،بېلىق قاسرىقىدەك سىلىق ۋە يۇمران پاقالچاقلىرىنى سۈزۈك سۇغا چىلاپ، ئۆستەڭ لېۋىدىكى قويۇق چۈجگۈنلەر ئۈستىدە بىر خىل شىرىن تۇيغۇدا تىپىرلاۋاتقان يۈرىكىنى شەرمى-ھايا بىلەن ئاران بېسىقتۇرۇپ، ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇۋالغان گۈلئايشەمگە زەن سېلىۋاتقان ئابلەت جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئېغىز ئاچتى.

ــ قاراڭ گۈلئايشەم، كىچە شۇنداق تاتلىق ھەم قىزىقارلىق بىر چۈش كۆرۈپتىمەن.

ــ چۈشىڭىزدە نېمىنى كۆرۈپسىز؟

ــ خوتۇنۇمنى.

ــ ھە؟! نەدىكى خوتۇنىڭىز ئۇ مەن بىلمەيدىغان؟

ــ ئۇ ئالدىمدا پۇتىنى ئۆستەڭگە چىلاپ ئولتۇرمامدۇ ئەنە،شۇ خوتۇنۇمنى چۈشەپتىمەن.

ــ ۋىيىەي ماۋۇ يۈزى قېلىننى، خوتۇنىڭىزنى تېپىپ خوتۇن دەپ، نەخ گەپنى قىلىپ، سىزنى چۈشەپتىمەنلا دەڭا. ھە،قانداق چۈشەپسىز؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ ئورۇنۇمدا قىيپالڭاچ تۇرغۇدەكسىز، ئاندىن،…قالغىنىنى ئىغىزىمدىن چىقىرالمايمەن.

ــ قىلىن بولغاندىكىن ئەمدى ئاخىرغىچە قىلىنلىق قىلىپ دەپ بىقىڭە قىنى، ئاندىن نېمە بولدى؟ــ يەنە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئوتتەك بىلگۈسى كەلگەن گۈلئايشەم شۇنداق دەپلا ۋىللىدە ئوت ئالغان يۈزىنى يانغا بۇراپ ئىتتىكىدە يىپپىۋالدى .

ــ دېدىم ھە ئەمسەــ چۆل جەزىرىدە ھېچ بىر ئادەم زاتى بولمىسىمۇ ئۇياق-بۇياقتا بىر قۇر زەن سېلىۋېتكەن ئابلەت گۈلئايشەمنىڭ قۇلىقى تۈۋىگە كېلىپ بوش كۇسۇرلىدى،

ــ ئۈنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز…، بىردىنلا سىزنىڭ يۇمران لەۋلىرىڭىزنىڭ ئۈستىگە، ئاپئاق يۈزلىرىڭىزگە قاپقارا ساقال-بۇرۇت پەيدا بولۇپ ئەر كىشىگە ئۆزگىرىپ قىلىۋاتقۇدەكسىز ، چۆچۈپ ئويغانسام ،يوتقىنىمنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا،قورسۇقۇمغا يۇمران تۆكلىرىنى چاپلاپ، بېشنى مەيدەمگە قويۇپ ئوماق مۆشۈكۈم بەھوزۇر ئۇخلىغىلى تۇرۇپتۇ ئەمەسمۇ. ئابلەتنىڭ بۇ گەپلىرىدىن گۈلئايشەم بىر ھازا ئۆزىنى توختىتالماي تىپلىقىپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ سىزنى مەنمۇ خوتۇنۇم دېگەندىكىن، سىزمۇ مېنى ئېرىم دەڭ، بولمىسا مۇشۇ ئۈستەڭگە ئىتتىرىۋېتىمەن، مانا ئىتتىرۋەتتىم ئەمسەــ گۈلئايشەمنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن چىڭ تۇتۇپ ھەدەپ ئۈستەڭ ئىچىگە ئىتتىرىۋاتقان ئابلەت شۇنداق دېدى ھەم ئۇنىڭ تېزىنچە تولۇۋالغان گۈللۈك ئىشتىنىنى بىرەر غېرىچچە سۇغا چىلاشتۇرۇۋېتىپمۇ بولدى قىلمىدى.

ــ ماقۇل، ماقۇل، بولدى ئىتترمەڭ جېنىم ئېرىم ، ــ ئابلەتنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان گۈلئايشەم شۇنداق دېدى ۋە سۇدىن پۇتىنى چىقىرىۋالدى.

گۈلئايشەم ئۈستەڭ قىرىدىن ئەمدىلا ئۆرە بولۇپ ئارقىسىغا ئۆرۈلىشىگىلا ھوجۇدىدا تاتلىق ھاياجان غەليان كۆتۈرۈۋاتقان ئابلەت ئۇنىڭ تالى مەجنۇن بەللىرىنى قارماپلا تۇتۇۋالدى ۋەتوم،يىرىك لەۋلىرىنى ئۇنىڭ سەدەپتەك پارقىراق قوي چىشلىرىنى يىپىپ تۇرغان نىپىز،سۇس تىترەۋاتقان ئويماق لەۋلىرىگە باستى. بەللىرىدىن سۇرۇلۇپ بارا-بارا گۈلئايشەمنىڭ باش تەرپىگە يۆتكەلگەن، تومۇرلىرىغا قان تولۇپ شۇخدەك قاتقان توم بارماقلىرىنى ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قاپقارا قويۇق چاچلىرىنىڭ قاتلىرىغا پاتۇرۇپ،ئىككى ئالقىنىدا ئۇنىڭ قۇلقى قوشۇش بېشىدىن مەھكەم قارماپ كاللىسىنى ھېلىلا سۇندۇرۇۋالىدىغاندەك كەينىگە قايرىۋالغان ئابلەت خۇددى ئېچىرقىغان بۆرىنىڭ پوكىنى ئاستىدىكى قوي قوزىسىنى سىلكىپ قاساپ يۆتكىنىدەك چوڭ ئېچىلغان ئاغزىنى ئۇنىڭ يۇمران لەۋلىرىگە،قىزغۇچ مەڭزىگە،سۇتتەك ئاق بويۇنلىرىغا نۆۋەت بىلەن تىز-تىز يۆتكەپ، پۇتلۇن ئىشتىياقى بىلەن يالماپ-يالماپ سۆيمەكتە ئىدى. ئابلەتنىڭ قوپال ئەمما ئوتلۇق سۆيۈشلىرى ئاتا قىلغان مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتىدە نازۇك سەزگۈ نىرۋىلىرى پۈتۈنلەي ھۇشسىزلانغان گۈلئايشەمنىڭ يىتلگەن بىر جۈپ كۆكسى ئابلەتنىڭ قاتتىق ئەمما ھارارەتلىك باغرىدا ئىچ-ئىچىدىن كۆيۈشۈپ ئېرىمەكتە ئىدى.كۈچلۈك ھېسسيات ئوتلىرىنىڭ ھارارىتىدە

گۈلئايشەمنىڭ بارا-بارا قورۇلۇۋاتقان ئىككى مۇرىسى ئارىسىدىكى توختاۋسىز تىپىرلاۋاتقان ئەتلەس كۆڭلەك ئىچىدىكى كۆكرەك قەپىزىنىڭ ھاياجانلىق تولغۇلۇشىغا ئەگىشىپ،ئابلەتنىڭ جىگىدە كۆتۈكىدەك تومۇ بويىنىغا گىرە سېلىپ، ئاپتاپتا قارداپ ئېتىلغان، ياغ تەپچىرەپ تۇرىدىغان گەدىنىنى چۇڭقۇر مېھرى بىلەن سىلاۋاتقان گۈلئايشەمنىڭ سۇس تىترە-ۋاتقان نازۇك بارماقلىرى ئابلەتنىڭ مۇرىسىدىن ئاستا ــ ئاستا سىرغىپ يۈگلۈق مەيدىسىنى سىپاپ ئۆتۈپ بىردىنلا تۆۋەنگە ساڭگىلىدى. ئۇنىڭ ئۆز كونتۇرۇللىقىنى يوقاتقان نازۇك جىسمى بولسا قىلدەك تولغۇنۇپ،ئاستا-ئاستا ئۆستەڭ قىرىغا قىيسايدى... ئابلەتنىڭ پايپاقسىزلا پۇتىغا سىپىۋالغان كونا ئايىغىدىن ھەر چامدىغاندا چىقىپ قالدىغان تىلىم ــ تىلىم بولۇپ كەتكەن تاپىنى ئاياغ ئېغىزى بىلەن خېلى چوڭ بوشلۇق ھاسىل قىلغان، چىڭ تىرەلگەن ئاياغ ئۇچى ئۆستەڭ دامبىسى ئۈستىدىكى قۇمسال توپا ئاستىغا پېتىپ كەتكەن بولۇپ، ھەر مىدىرلىغاندا چەم ئاستىدىكى ئۇششاق قۇمسال توپلار سىرلىپ ئۆستەڭنىڭ يان باغرىدىكى ئوت-چۆپلەرنىڭ ئارىلىرىدىن دولقۇنسىمان يول ھاسىل قىلىپ، ھېچبىر تىۋشسىزلا ئۆستەڭ ئىچىگە سىرغىپ چۈشۈپ، سۈپسۈزۈك ئېقىن سۇنىڭ ئالقانچىلىك يىرىنى لايىشتماقتا ئىدى...

شۇ چاغدىلا بىلىپ ــ بىلمەي مۇقەددەس داستىخانغا بىمەھەل قول ئۇزاتقان ئابلەت ئۇنىڭدىكى خاسىيەتلىك ناننى پەرىز-پەتىھسىزلا ئوشتۇپ قويغان، پەقەت بىر دەملىك كونترولىقنى يوقۇتۇش تۈپەيلىلا ئۇلار يېگى بىر جاننى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىش بەدىلىگە گۈلئايشەمنىڭ ئاشۇ قارا يىللارنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا مۇدۇرۇپ يۈرۈپ،مىڭ جاپادا يېگى زامانغا ئۇلىشىپ ئەمدىلا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان بىچارە دادىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىدى...

8

سەھەردىلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتكەن، ئۆزنىڭ قانداق بولۇپ كەنىت ئىشخانىسىدىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ تورۇسقا، تاملاردىكى رەسىم-سىخىملارغا، ئىشىك ــ دەرىزىلەرگە بىر قۇر زەن سالغان نۇردۇن ئۈستىگە يېپىلغان دادىسىنىڭ خۇرۇم چاپىنىنى ئېچىپ ئۈستەل ئۈستىدىن سىرلىپ پەسكە چۈشتى ۋە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ سۇس خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئابلەتنى نوقۇشتۇرۇپ ئويغاتتى. ئابلەت تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بېشىنى ئۈستەلدىن كۆتۈرشى بىلەن تەڭ كۆڭلى سەل ئېلىشقاندەك بولۇپ قولاقلىرى پاشا كىرىۋالغاندەك غوڭۇلدىدى. تۈنۈگۈن يىغىندىن كېيىن ئۈلپەتلىرىنىڭ ئۇنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يېزا بازىرىدىكى پاتەم بوتكىنىڭ زەي پۇراپ

تۇرىدىغان ئايرىم خانىسىدە ئويۇشتۇرغان سورۇندا كىسلاتادەك ئاچچىق ھاراقنى تويغۇچە ئىچكىنى ئىسىدە، ئۇنىڭدىن باشقا «تەقدىرلىنىش» خۇشاللىقىدا يۇمۇلماي قالغان ئاغزىغا شۇ بىر كۈنگە تەۋە بىر نەرسە سالغىنى ئۇنىڭ ھېچ ئىسىدە يوق.شۇ سەۋەپتىن پۈتۈن بەدىنى قۇرۇغاندەك بولۇپ، ھوجۇدىنى چەكسىز چاڭقاقلىق قاپلىغان ئابلەت قوقاق بىسىپ زاغرا ناندەك يېرىلىپ، شەلۋەرلەپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىدى. خۇددى ئۇچىغا نەم تويپا قاچىلانغان ئېغىر خالتا چىگىلىپ ئۆگزىدىن يەرگە سىرىلدۇرۇلغان ئارغامچىدەك ئابلەتنىڭ ئۇستەلدىن ئۆرە بولۇشىغىلا تىكلەنگەن ئۇچەي-باغرى بىردىنلا چىڭقىلىپ ھېلىلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك تولغۇنۇپ،دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان قورسىقىنى مۇجۇپ ئاغرىتىشقا باشلىدى. بۇنىڭغا تاماكا خۇمارى قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ قىيىنغىلى تۇردى. ئۇ قىزىرىپ ئىششىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا، ئىشخانا ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان مەشنىڭ ئالدى-كەينىگە زەن سالدى. بىردىنلا مەشنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەنگەن چالا كۆيگەن كۆمۈر كۈلىنىڭ ئارىسىدا قىيا كۆرۈنۈپ قالغان توم ئورالغان تاماكا قالدۇقىغا كۆزى چۈشۈپ مەشنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا قالدۇقىنى كۈل ئارىسىدىن ئاۋايلاپ سۇغۇرۇۋالدى ۋە قولىغا ئادىنئالا ئېلىۋالغان چاقمىقىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئاغزىدىن ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان تاماكا قالدۇقىنى چوغلىدى دە،ئۇنىڭ بىر بۇرجىكىنى باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئارىسىغا چىڭ قىستۇرۇپ، تىرناقلىرى كۆيگەنگە قەدەر قوۋزىقىنى تۇلدۇرۇپ تۇلدۇرۇپ بىر قانچىنى سۈمۈرۈۋالدى. كەنت ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن ئېگىز ستولبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى جۈپ كانايدىن يەرلىك رادىئو ئۈزۈللىرى تارقاتقان تۈنۈگۈنكى يىغىننىڭ مەزمۇنلىرى قاتارىدا ئۆزىنىڭ نام-شەرىپى تىلغا ئېلىنىپ لىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئاۋازلارنىڭ قولىقىغا كىرشى بىلەن تەڭ ئىچىگە كۈچەپ تارتىپ تېشىغا چىقىرىشنى ئۇنۇتقان كۈچلۈك تاماكا ئىسى ئۇنىڭ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قېلىپ خۇددى كانىيدىن بىرسى چىڭ سىقىۋالغاندەك ئۇنى بىر ھازا بوغۇنۇقتۇرۇپ قويدى. ئابلەت خارىلداپ ھۆتەلگىنىچە ئىشخانا سىرتىغا چىقتى. قويۇق تاماكا ئىسىغا تويۇنغان قاغا تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى قاپقارا شىلىمشىق تۈپچە ئۇنىڭ تۇم لەۋلىرى ئارىسىدىن بىسىم بىلەن چىقىپ قار ئۈستىدە بىرنەچچە غىرىچچە دومۇلاپ غايىپ بولغاندىلا قېقىلىپ خارىلداشتىن توختاپ ئۆزىگە كەلگەن ئابلەت بۆگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا مەكتەپكە بارماي، نېرىراقتا قارنى پومزەك قىلىپ ئارسىغا ئۈششاق تاياقچە قىستۇرۇپ چوكا مۇز قىلىپ يەۋاتقان نۇردۇننى چاقىردى. ئۇنى بۇ قېتىم چوقۇم ئۆيىدە ئېلىپ قېلىش نىيىتىدە مۇتۇسكلىتىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ، دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ موتۇسكلىتىنى دىيەكلىدى ۋە نەمخۇش يەردىكى سىزىپ قويغاندەكلا ئېنىق چىققان ماشىنا چاقىنىڭ ئىزىغا زەن سالغاچ تېخىچە ئىچىدىن زەنجىرلەنگەن دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ دەرۋازا قانىتىنى زەردە بىلەن قاقتى.

— كىم بۇ دەرۋازىنى ئۆلگۈدەك مۇشتىلىغان! — ئۆي ئىچىدىن ئاسىيەنىڭ چىرقىراق ئاۋازى

ئاڭلاندى . ئابلەت ئۇنىڭ ساپما كەشنى شىپىرلاتقىنىچە دەرۋازا تۈۋىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى .

ــ يەنە كىم بولسا بولاتتى ساڭا! مەن، بۇ ئۆيىنىڭ غوجىسى ئابلەت، ئاچە دەرۋازىنى!

ــــ مانا، مانا! بىردەم ساقلىغانغا ئۆلەمدىكىنا، ــــ دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ قالغان ئاسىيە چىڭقالدى ۋە «سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك غۇدراپ تىللاشقا باشلىدى، ــ ۋېيييەي، نېمانداق سەت ۋارقىرايدىغاندۇ ما بىشنى يەيدىغان ساراڭ ئادەمنىڭ قوۋرۇ-غىسىنى ئىگىپ! كېچىچە تېزەك پۇراپ يۈرۈپ كاللىسى ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە بۇ قەلەندەرنىڭ ! يائاللا، قايسى بولغۇيتى بۇ ئەبگا قۇلۇپىنىڭ ئاچقۇچى...

ــ يۇملاق بۇرغا شەكىللىك، ئاشۇ ئۇزۇنراقى شۇ! ئاخشام سالغاندا قاراڭغۇدا پەرىق قىلالمىغانمىدىڭ؟ قۇۋۇلقىنى قارا بۇ بۇزۇقنىڭ ــــ ئابلەت كېچىچە ئىچىگە قاپسىلىۋېلىپ، يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقان زەھەرنى دەرۋازا قىسلىچىدىن ئاسىيەگە چاچرىتىپ ۋارقىردى.

ــ ئەجەپ قىزىقچى جۇمۇ سىز، -نازلىنىشقا باشلىدى ئابلەتنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ ئاخشامقى ئىشلارنى تۈيۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن ئاسىيە دەرۋازىنى ئېچىپلا تۇتۇلۇندەك چىھرىگە شۇئان كۈلكە يۈگۈرتۈپ ــ قاراڭ، قاراڭ تۇتۇلۇپ كەتكىنىڭىزنى، كىم كىلەتتى شۇ ساشاڭجاڭ كەپتىكەن سىزنى ئىزلەپ، ئاخشام سىز كەلمىگەندىن كىيىن كېتىپ قالدى، سىزدىن بەك ئەنسىردىم جۇمۇ، بۇ يامغۇردا نەلەردىمۇ يۈرگەنسىز جېنىم .

ــــ مېنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرگەنسەن تايىنلىق! بۇياققا ئۆتە تولا گەپ يورغىلاتماي! ــ دەرۋازا قانتىنى قىيا ئېچىپ تۇرغان ئاسىيەنى دولىسىدىن ئىتتىرگەن ئابلەت شۇنداق دەپلا ئاسىيەدىن قورقۇپ ئارقىسىغا يوشۇرنۇۋالغان نۇردۇننى يېتىلگەن پېتى ھويلا ئىچىگە كىرىپ كەتتى .

ــ ئاللا قانداق قىلاي ــ نۇردۇننى كۆرۈپ ئاللا-كاللا سىلىشقا باشلىدى ئاسىيە ئابلەتنىڭ كەينىدىن پالاقشىپ يۈگۈرۈپ ــــ ئەمدى ماۋۇ ھارامىلىق يېتىم ئوغلاقنى يەنە نەدىن تېپىپ كىرگەندۇ جېنىمنى چىقىرىپ ۋاي قانداق قىلارمەن...

ــ بۇ دېگەن مېنىڭ بالام ! ئىسسىگدە بولسۇن بۇندىن كېيىن ئۇ مۇشۇ ئۆيدە مەن بىلەن بىللە تۇردۇ ! ــ دېدى ئۆزىگە چىڭ چاپلىشىۋالغان نۇردۇننىڭ قولدىن تۇتۇۋالغان ئابلەت.

ــ سەن بۇرۇنلا بالام يوق دېگەن ــــ ئۇشىشۇقلۇق قىلشقا باشلىدى ئابلەتنىڭ پىشىدىن تۇتۇۋالغان ئاسىيە ئۇنى قۇيرۇقى دەسسەلگەن مۈشۈكتەك سەت چىرقىراپ يىغلاۋاتقان بوۋاقنىڭ ئۈنى چىققان ئۆي تەرەپكە تارتىپ ــ ماڭە ساڭا كۆرسىتىپ قوياي سېنىڭ بالاڭ ئاۋۇ ئۆيدە. سەن بىلى بوش كۆكتۆشنىڭ مەن كەلگەندىن كېيىن جېنىڭغا جان، تومۇرىڭغا قان كىرىپ ئاندىن بالاڭ بولدى، كىرىپ زەن سېلىپ تۈزۈك بىر كۆرۈۋال !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ــ كىمنىڭ بالىسى ئۇ ھارامىلىق ئىگىسى بىلىدۇ! پەقەت نۇردۇننىڭ مۇشۇ ئۆيدە مەن بىلەن تۇرۇشىغا قوشۇلساڭلا بۇنى ھازىرچە سۈرۈشتۈرمەيمەن، بۇنىڭغا كۆنمىسەڭ بۇ ئۆيدىن ھازىرلا يوقال! ــ ۋارقىراپ ئاسىيەگە تەھدىت سالدى ئابلەت .

ــ بۇ زادى كىمنىڭ بالىسى ئىكەن، ھازىرلا ماڭا تېپىپ بەر! ــ ئابلەتنىڭ ياقىسىدىن چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالغان ئاسىيە زۇۋانىنى قويۇپ بىرىپ جان-جەھلى بىلەن چاڭگىلداشقا باشلىدى ــ بىر بالا بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كىتىدىغانغا خانئاچاڭنى ھىلىقى پاسكىناڭدەك ئەخمەق كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ ساڭا دەپ قوياي ئابلەت،چىقىپ كىتىشكە تېگىشلىك بولسىمۇچۇ يىتىم ئوغلاق ئىككىڭ چىقىپ كىتىشسەن بۇ ئۆيدىن !

ــ ھېلى جۇما ماۋۇ قانجۇقنى ...

ــ ئۇرە قېنى، ئۇرمامسەن؟ سايەمدە تىرىلىپ قېلىپ تېخى نوچىلىقىنى قارا ماۋۇ غالچىنىڭ...

ــ ئۇرماي قانچىلىك نىمىدىڭ، مانا ئەمسە ...

ئابلەتنىڭ «چاڭ» قىلىپ بىر تەستەك سېلىشى بىلەن ئاللا-ۋايجانلىغان ئاسىيە يۇگۇرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاچچىقدا يىرىلغۇدەك بولۇپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرسىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئابلەت تىترەۋاتقان قوللىرىنى يانچۇقلىرىغا نەچچە قېتىمدىن تىقىپ، يوق تاماكىنى ئىزلىگىنى تۇردى. شۇ ئەسنادا ئاخشام تىترەك ھالىتىگە ئىلىپ قويغان يانفۇنى ئىشتان يانچۇقىدا قاپسىلىپ قالغان ھەرىدەك يوتىسىنى يىقىمسىز مىتىلدىتىپ، سەت غوڭۇلداشقا باشلىدى.

ــ ۋەي، شاڭجاڭ سالامەت تۇردىلىمۇ؟ ئۇرۇقلۇقنىڭ پۇلىنى...

ــ قۇرۇق گىپىڭنى قوي! نەچچە قېتىم دىدىم خوتۇن دىگەنگە ئىللىقراق مۇئامىلە قىل دەپ، گۆلئايشەممۇ قوپاللىقىڭدىن كەتتى، ھە...ي، يەنە سەن ئەبگا شۇنداق قىلىپ ئاسىيەدىنمۇ...

ــ نىمە بولسام مەيلى، ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشايمىكىن، سىلىنىڭچە...

ــ خام خىيال قىلما! كۆرگەنسەن ئۇنىڭ ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىنى، ئاجراشساڭ خوتۇنسىز قالساڭغۇ مەيلى، بىراق ئۆلۈكىڭنىڭ كوچىدا قېلىشىنى خالىمايدىغانسەن؟ شۇڭا كاللاڭنى سىلكىۋىتىپ ئىش قىل !

ــ ماقۇل ساشاڭجاڭ، ماقۇل، مەن دىققەت قىلاي...

مەقسىدى ئەمەلگە ئاشمىغان ئابلەت شۇ كۈنىدىن بىرى بىچارە نۇردۇننى يەنە يىنىدا ئىلىپ قالالمايلا قالماستىن ئۇنىڭ دەرۋازا ئالدىدا قايتا پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈرۈيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئاسىيەمۇ ئابلەت رايىدىن، سىزقىدىن چىقىپلا كەتسە ساشاڭجاڭغا تېلفۇن قىلىپ دات ئىيتتى. «مىنىڭ ئىسمىمنى چاقىرساڭلا قورۇققىنىدىن ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى ئۇگە-ئۇگىللىرىدىن ئاجراپ بوشىشىپ كىتىدۇ»دىگەن ساشاڭجاڭمۇ «بىرىنى خوتۇن قىلىپ تۇت، ئىسىڭدە بولسۇن قول تەككۇزۇپلا قويساڭ خوتۇنسىز قالغاننىڭ ئۇستىگەئەمەل-تاجەڭدىنمۇ،

جېنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالسەن!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەكسىچە ساۋۇۋۇتىنىڭ ئۆگە-ئۆگىلىرىنى بوشىتىۋەتتى.

مانا مۇشۇ كۈنلەردە كۆيۈمچان ئايالىدىن، قولۇم-قوشنىلىرىدىن، يۇرت- مەھەلىدىكىلەرنىڭ قوللىشىدىن تەلتۆكۈس ئايرىلغان، ھازىر ھېچ بىر چىقىش يولى قالمىغان ئابلەتنىڭ سېكرىتارلىقتىن ھامان بىر كۈنى چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى ئېسىگە كەلسىلا كاللىسىنى قورقۇنچ قاپلاپ، ھوجۇدىنى تىترەك بېسىپ، ئۆز- ئۆزىگە خىتاپ قىلىپ بەزىدە ئاۋازى تېشىغا تېپىپ كېتەتتى. مانا مۇشۇنداق ئۆزى ياسىۋالغان قاراڭغۇ ھەم تار يول ئۇنى ھازىر پەسكەشلىك بىلەن ھايۋان كەبى ياشاشقا مەجبۇر قىلماقتا.ئىلگىرى قوشنىسى ئەمەتنىڭ ئايالىنىڭ بىرى بىلەن ئىش- پەش تارتىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى تۆخۈمەدىن تۈك ئۈندۈردىغانلارنىڭ قۇرۇق پارىڭىغا ھەمدەم بولۇپ: «بىزنىڭ بۇ مەھەللە بۇزۇقلارنى سىغدۇرالمايدۇ، ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ ئۇنىڭ خېتىنى بەر! ئەگەر مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا بولسام ئۇنى مىڭ مەرتىۋە ئۈچ تالاق قىلغان، ھەتتا ئەرلىك غورۇرۇمنى قوغداش بەدىلىگە گېلىدىن سىقىپلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم» دەپ جار سېلىپ ئەمەتنى تا ھازىرغىچە خوتۇنسىز قويغان شۇنچە ۋىجدانلىق ئابلەت مانا ھازىر ئاسىيەنىڭ ئۆلپەتلىرى كەلسە تاماق ئېتىپ، ئۇلارنى ئايالى بىلەن قانغۇدەك تانسا ئوينۇتۇپ رازى قىلىپ ئۇزىتىۋاتىدۇ،ھەتتا كەچ قالغان كۈنلىرى ئۆي ئىچىدىكى خۇشال كۈلكە-چاقچاقلارنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىدىن رايىشلىق بىلەن ئارقىغا يېنىۋاتىدۇ. گۈلئايشەمنى يوقلاڭ ئىشلارغا پۈكۈشتىپ مۇشتىلىغان بازغاندەك قوللار مانا مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئاسىيەنى تاك قىلىپ چىكىشكىمۇ ماغدۇرى يەتمەيلا قالماستىن بەلكى ئۆز پۈشتىنىڭ بىر پەسەندى خوتۇننىڭ قولىدا خورلىنىۋاتقانلىقى كۆز ئالدىدا سادىر بولۇۋاتسىمۇ قوغداشقا قۇدرىتى يەتمەيۋاتىدۇ، ئاشۇ كۈشتۈڭگۈر قوللار ھازىر پەقەت ئەلەملىك يىغلاپ پۇتلىرىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان بىچارە نۇردۇننى ھايۋانلارچە ئىتتىرىشتىلا شۇنداق جانلىق.ئۆز دادىسىدىن كۆرۈۋاتقان كۈنى شۇ بولۇۋاتقان، باققىلى بەرگەن ئۆيىدىمۇ تازا ياخشى كۆيۈنۈشكە ئېرىشەلمىگەن نۇردۇن ئىككى ئۆيىنىڭ ئارلىقىدا مېڭىپ يۈرۈپ كۈننى كەچ قىلىۋاتىدۇ. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم ئاسىيەنىڭ تىل-دەشنامىلىرىغا ئۇچرىدى. ئابلەتنىڭ «سېنىڭ ئاناڭنى ئاشۇ قېرى كەتكۈزۈۋەتتى» دېگەن گېپى قولاق تۈۋىدىن نېرى كەتمىگەن نۇردۇن سەمتاخۇنغا يېقىن يولمايدىغان، ئۇنى كۆرسىلا قاچىدىغان بولۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن كۈندە دېگۈدەك ئىزدەپ يۈرۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان سەمتاخۇنمۇ مانا ئەمدى ئۇنى كۆپ ئۇچۇرۇتالمىدى. ئانا مېھرىدىن ئايرىلىش ئازابىغا قوشۇلغان سەرگەر-دانچىلىق، تىل-دەشنام دەستىدىن ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن بىچارە نۇردۇن باشقىلار گەپ سورىسىمۇ گەپ قىلمايدىغان، ياندۇرۇپ يەنە سورسا «پاڭگىدە» يىغلاپ كېتىدىغان، كېيىنچە ھەتتا سەمتاخۇن نەرسىنىمۇ ئالمايدىغان بولۇۋالدى. سەمتاخۇن مۇشۇ سەۋەپتىن ئابلەت بىلەن زوكۇنلۇشۇپ دىل

www.uyghurkitap.com

ئازارىمۇ تارتتى، ھەتتا ئابلەت «نۇردۇنغا قالايمىقان نەرسىلەرنى بېرىپ مۇ-شۇنداق جىمغۇر قىلىپ قويدۇڭ» دېگەن بەتنامنى ئۇنىڭغا ئارتىپ ئۆلگۈردى. نۇردۇندىن ئەنسىرەپ مەھەللىسىگە كۆپ قېتىم كەلگەن سەمتاخۇننى بايقاپ قالغان ئابلەت «سەمتاخۇن مېنى پايلاپ يۈرۈيدۇ» دەپ گۇمان قىلىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىنلا ياغلاپ قويىدىغان بولۇۋالدى. مانا ھازىر سەمتاخۇنمۇ نۇردۇننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئامالسىز قالدى، پەقەت نامىزىدىلا ئۇنىڭ تىنىچ-ئامانلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى.

9

يېڭى يىل ئۆرۈلۈشى بىلەن تۇمان ئارلاش تۈتۈلغان ھاۋادىن قوياش ھالقىپ چىقالمايلاكەچ بولۇۋاتقان مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي ياققان قومدەك ئۇششاق قار شىۋىرغان پەيدا قىلىپ يەر-جاھاننى مۇزلاتتى. پۈتۈن تەبىئەت ئاق لىباستىن تون كەيدى. ئۇدا ياققان قېلىن قار مۇز تۇتقان ئېرىقلارنى يول بىلەن تەڭ قىلىپ تۈزلىۋەتكەن، يېزىنچە سۈيىگە قانمىغان قېرىملاردىكى يىگلەپ چوقاتماق بولۇپ قالغان دەرەخلەرمۇ خۇددى ئاق يېپىنچىغا ئورالغان بىتاپ بوۋايدەك شىۋىرغاندا دىرىلداپ تىترەيتتى. چاي ۋاقتىدىن ھازىرغىچە ئابلەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختۇتۇپ قويۇلغان ساشاڭجاڭنىڭ ماشىنىسىمۇ بىنەملىكتىكى پوستەكلەپ كەتكەن دۆڭدەك ئاقۋالداق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ھەممە كىشىلەر ئىشىك-دېرىزىللىرىنى تاقاپ ئۆيگە بۆكۈنۈپ يېتىۋالغان بولۇپ سىرىتتا نە ئادەم، نە جان-جانۋارلارنىڭ ئىز-تىۋىشىدىن ئەسەر يوق. پەقەت ئابلەتنىڭ ھويلا تېمىغا يانداپ سېلىنغان مۇشۇ ئۆيدىلا ھاياتلىق قايناتتى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئاسىيەنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئابلەت تېخى يېقىندىلا ئورناتقان ياڭراتقۇدىن ئاۋازى بولۇشىغا ئېچىۋېتىلگەن سىن قويغۇ ئاپىراتى چېتىلغان تېلىۋىزوردىن چىقىۋاتقان «ئىككى توشقان تۇتىسىڭىز، بىرنى ماڭا بەرسىڭىز...» دەپ باشلانغان موڭ تۆكۈلۈپ تۇردىغان ئاتۇش خەلق ناخشىسى چۈڭقۇر سۈكنات قوينىغا چۆمگەن بۇ مەھەللە ئەتراپىدا شىۋىرغان بىلەن بەسلىشىپ ئۈچۈپ يۈرمەكتە ئىدى.

مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن قەيەرگە بېرىشنى بىلەلمەي يولدا قايمۇقۇپ يۈرگەن نۇردۇن سومكىسنى يۈدۈپ باسمىچە خەت تولدۇرۇلغان، تۆۋەن تەرپىگە مەكتەپنىڭ تامغىسى بېسىلغان، مۇئەللىمىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان بىر ۋاراقچىنى كۆتۈرگىنىچە قاش قارايغان چاغدا ئابلەتنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قولدىكى بىر بۈرجەكىدىن چىڭ تۇتۇۋالغان ۋاراقچە بولسا مۇئەللىمى «مەينەت قىلىۋەتمەي، قاتلاپ يىرتىۋەتمەي ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ مەزمۇننى ئاتا-ئاناڭلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارغا ئىمزا قويدۇرۇپ ئەتە چوقۇم ئېلىپ كېلىڭلا» دەپ جېكىلەپ،

مەكتەپتىن قايتىدىغان چاغدا قولغا شۇنداق تۇتقۇزۇپ قويغان مەكتەپنىڭ «قىشلىق تەتىل مەزگىللىك ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا-ئانىلار بىلەن تۈزگەن مۇقۇملۇق-بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسى» ئىدى. نەچچە كۈندىن بىرى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ يۈرگەن نۇردۇن ھېچ بولمىغاندا دادىسىغا مۇشۇ مەسئۇلىيەتنامىگە ئىمزا قويدۇرۇۋېلىپ بولسىمۇ قايتىپ كېتىشنى نىيەت قىلىپ ئاران دېگەندە بۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زور غەيرەت بىلەن دەرۋازا قاناتتىنى بىر نەچچە قېتىم قاقتى. دەرۋازا تۈۋىدە بىر ھازا كۈتۈپ تۇرغان بولسىمۇ يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن نۇردۇن ھېلىغىچە چىقىپ قالار دېگەن نىيەتتە ساشاڭجاڭ نىڭ يول بويىدا توختۇتۇپ قويۇلغان ماشىنىسىنىڭ ئەتراپىدا ئويناپ يۈرۈپ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇلارنىڭ بىرەرسى بولسىمۇ ھېچ بىر دەرۋازا سىرتىغا چىقمىغاندەك ئەمەس. بىر يېرى تېشىلىپ كەتكەندەك بىر نەچچە كۈندىن بىرى توختىماي مۆزدەك قار تۆكۈۋاتقان كۆكۈش ئاسمانغا تۈن قاپقارا پەردىسىنى يېپىشى بىلەن تەڭ نۇردۇننىڭ كىچىككىنە ھوجۇدىنى ۋەھىمە قاپلاشقا باشلىدى. ئۆزىنى خۇددى دۈم كۆمتۈرۈلگەن قاپقارا قازاننىڭ ئاستىدا قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇۋاتقان نۇردۇننىڭ كاللىسىنى قورقۇنچ باستى، ۋاراقچىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان يۇمران قوللىرى ، كىرلىشىپ كەتكەن ئىشتىنى ئىچىدىكى گۆشسىز پاقالچاقلىرى بىردىنلا لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. قورقۇنچ تۈپەيلى ئەركىن نەپەس ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتقان نۇردۇن تېز-تېز قەدەم ئېلىپ دەرۋازا تۈۋىگە كېلىپ قىسىلچىدىن ھويلا ئىچىگە زەن سالدى. ئارقا تەرىپىگە دەرىزە قويۇلغان ھېلىقى ئۆيىنىڭ ئىشىك بېشىدىكى كۈنكىرىسىدىن قىزغۇچ چىراق يورۇقى چىقىپ تۇراتتى. ھېلىدىن بىرى جاھاننى بىر ئالغان ئۆگزىدىكى ياڭراتقۇ ئاللا بۇرۇن ئۈزۈۋېتىلگەن بولۇپ دۈملەنگەن ئۆي ئىچىدىن گارمون بىلەن ئورۇنلانغان مۇڭلۇق مۇزىكا ئاۋازى سۇس ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇرغانلىق سوغۇق شامالنىڭ بىردىنلا ھەدەپ قوتاننىڭ ئۆگزىسىدىكى قۇرۇپ قالغان بىر تال قوناق شېخىنى ئۇچۇرۇپ « شاراق » قىلىپ يەرگە چۈشۈرۈشى بىلەن تەڭ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن نۇردۇن «ۋايجان، دادا، دادا» دەپ يىغا ئارلاش تىترەك ئاۋازى بىلەن ئەنسىز ۋارقىراپ كەتتى. ھويلا ئىچىدىن ئوخشاشلا يەنە سادا يوق. بىچارە نۇردۇن ھويلا تېمىنى تۇتۇپ تىمىسقىلاپ مېڭىپ، يان تەرەپكە ئۆتۈپ چىراق يورۇقى چىقىپ تۇرغان دەرىزە تۈۋىگە كېلىپ توختاپ، ئۆي تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان پەردىسى قىيا ئېچىلغان دەرىزىنىڭ ئەينىكىدىن ئۆي ئىچىگە زەن سالدى ۋە دادىسىنى چاقىرماقچى بولۇپ بىردىنلا توختاپ قالدى. چۈنكى ئۆي ئىچىدە ئارام ئېلىش مۇددىتى توشۇپ تەشكىلنىڭ سۈيلىشى بىلەن مۇشۇ مەۋسۇم ئامالسىز خىزمەتكە قاتنىشىپ يەنە ئارام ئېلىش ئىشىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇگۈن ئالاھىدە داستىخان سالغان نۇردۇننىڭ سىنىپ مۇدىرى تۇرسۇن، مەكتەپ مۇدىرى، نۇردۇن ياخشى كۆردىغان ئانىسى دىمەتلىك تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە يېڭىلا خىزمەتكە قاتناشقان چىرايلىق مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىمۇ بار ئىدى. ئاسىيە

مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گۆشلۈك يەلكىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان بولۇپ پۇتلىرىنى يەڭگىل يۆتكەپ، تار ھەم قىسقا يوپكىسى ئىچىگە ئاران پاتقان ساغرىسىنى رىتىملىق چايقاپ سۇپىغا سىلىنغان گىلەم ئۈستىدە چۆگىلىمەكتە. ئىنچىكە بىلىگە ساشاڭجاڭنىڭ گەزىنىدەك قولى چىڭ چاپلانغان، ھەر مىشىلدىغاندا بىر قېتىم ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان قورۇنغان نازۇك گەۋدىسىنى ئارقىغا قاچۇرغان، ئۇڭ قولىنىڭ سۆتتەك بارماقلىرى ساشاڭجاڭنىڭ پاقا دۈمبىسىدەك تۈرۈم-تۈرۈم ئالقانلىرىنىڭ قېتىغا چۆكۈپ كەتكەن، تۆگىنىڭ لوكىسىدەك گۆشلۈك مۈرىلىرىگە سۇس تىگىپ تۇرۇۋاتقان يەنە بىر قولىنىڭ نازۇك بارماقلىرى خۇددى توك تەپكەندەكدىرىلداپ،ھېلىلا ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تىترىگەن ھالدا مىڭ پاتمان نومۇس-ئاھانەتنىڭ بېسىمدا ھالسىزلانغان جانسىز پۇتلىرىنى ئامالسىز يۆتكەۋاتقان نۇردۇننىڭ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بېشىنى يان تەرەپكە بۇرۇۋالغان بولۇپ، بىچارىلىك ئەكس ئەتكەن كۆز چاناقلىرىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈلمەكتە. تۇتە ياقىلىق كۆك تاشپاختا چاپان كىيۋالغان، ئاق رەڭلىك شارپا بىلەن چىڭ ئورالغان پىشانىسىنى پادىچى ئىشتان كەيگەن تىزىغا تىرەپ، سۇپىنىڭ لېۋىدىلا ئولتۇرۇۋالغان مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولسا ئارقىغا قويۇۋېتىلگەن قاپقارا چاچلىرى چېچىلىپ ياتقان مۈرىلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلىتىپ ئۈنسىز يىغلىماقتا ئىدى.

ــ ئۇلار نېمىشقا بۇنداق يىغلايدىغاندۇ ؟

ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى ھېچ بىر ئاڭقىرالماي ھەيران بولغان نۇردۇن دېرىزە تۈۋىگە تېخمۇ يېقىنلىشىپ كىچىككىنە قوللىرىدا دېرىزە ئەينىكى بىلەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقى ئارىسىدىكى بوشلۇقنى توسۇپ ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە زەن سالدى. ئۇ بىردىنلا جاۋغىيدىن سارغۇچ شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ساقىغان، ئېغىدىن تارتىپ تىزىغىچە ھۆل بولۇپ كەتكەن ساغۇچ چىپەرقۇت شىمىنىڭ ئالدى بولسا تىلىنى چىقىرۋالغان ئىتنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالغان ھالەتتە پۇتلىرىنى سۆپىدىن ساڭگىلىتىپ، ئىككى قولىنى تاشلاپ مۈردىدەك ياتقان ئابلەتنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى.

ــ ھېلى مەكتەپتە مۇئەللىم دادامنىڭ تىلغۇن نومۇرىنى سوراپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە «يوقلا بولۇپ كەتتىڭلا، بارمۇ سىلى يا ئۆلدىڭلىمۇ» دېگەندەك قىلغان. دادام، ئۇ...ئۇ ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ يا؟ ئۇ راستىنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا...ياق، ياق، ئۇ ئۆلۈپ كەتسە مەن بۇ توختامامىگە كىمگە ئىمزا قويدۇرمەن؟ بەلكىم ئۇخلاپ قالغاندۇ، ئەمما ئۇنىڭ بۇ تۇرقى...

مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ كۆڭلى يېرىم بولغان نۇردۇننىڭ مۇزدەك دېرىزە ئەينىكىگە چاپلانغان قاپقارا قوي كۆزلىرىگە لۆممىدە ياش تولدى. يىغلاۋاتقانلار، سۇپا ئۈستىدە گىرە سېلىشىپ ئايلىنىۋاتقانلار بىردىنلا چۈۋۈلۈپ، تۆر تەرەپكە سېلىنغان كۆرپە ئۈستىدە رەتلىك ئولتۇرۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان تارتىپ بولۇپ، قىزارغان مەشىنىڭ تۈۋىگە كەلگەن ئاسىيە مەشكە ئېسىلغان قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئاچتى ۋە ئۆگزە بويى ھور كۆتۈرۈلۈۋاتقان قازاندىن پورۇقلاپ

قايناۋاتقان گۆشنى نۇردۇننىڭ مۇئەللىمى قازاننىڭ لىۋىگە تىرەپ تۇرغان لېگەنگە ئالدى. بولۇق ھور تۇمانلىرى ئىچىدىن خىرە-شىرە كۆرۈنگەن نۇردۇننىڭ مۇئەللىمى لېگەنگە ئېلىنغان بىر دۆۋە گۆشنى كۆتۈرۈپ كىلىپ دېرىزە تەكچىسىگە قويدى ۋە ئازراق تۇزلىۋەتكەندىن كېيىن ئارقىغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دېيىشى بىلەن تەڭ ئاسىيە تۆردە تەرىتىگە چىلشىپ ياتقان ئابلەتنىڭ تۈۋىدە پەيدا بولدى. ئىككى قولىنى بىقىنىغا تىرەپ، ئىنچىكە پاچاقلىرىنى سىركولدەك كېرىپ تۇرغان ئاسىيە ئۇچلۇق پاشنىسىنى ئۇنىڭ قۇسقىغا چىلشىپ قالغان ئېڭىكىگە تىرەپ تۈرتىشكەياتقان يېرىدىن يېرىم ئۆرە بولغان ئابلەت قوللىرىنى سىلكىپ، غىڭشىغىنچە يەنە ئىزىدا ماقىدە يېتىۋالدى. نېملا بولسۇن ئابلەتنىڭ مىدىرلىغانلىقنى كۆرگەن نۇردۇننىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىدە خۇشاللىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى ۋە شۇئان يۇلتۇزدەك بىر جۈپ زىناق پەيدابولغان، قاتتىق سوغۇقتا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى مۇزلۇق ئەينەككە تېخمۇ چىڭ چاپلاپ، ئابلەتنىڭ خىرە ئېچىلغان كۆزلىرىگە، ھەر مىدىرلىغاندا شۆلگەي تامچىپ تۇرغان لەۋلىرىگە زەن سالدى.

ــ دادام ئۆلمەپتۇ، مېنىڭ دادام راستىنلا ئۆلمەپتۇ...ـــ نۇردۇن نەشتەردەك ئۇرۇلۇۋاتقان قاتتىق سوغۇقتا تىترەۋاتقان يۇمران لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلىدى.

ئابلەتنى تېپىپ بېقىپمۇ،كاچاتلىرىغا ئۇرۇپ بېقىپمۇ ئەيباشقا ئەكلەلمىگەن ئاسىيە شوپۇرنىڭ ياردىمىدە ئۇنى ياتقان ئورنىدىن تەستە ئۆرە قىلىپ بۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇ ئارىدا نۇردۇننىڭ مۇئەللىمى گۆش قويۇلغان دەرىزە تەكچىسىنىڭ تۈۋىدە يەنە پەيدا بولدى ۋە لېگەنگە بېسىلغان بىر دۆۋە گۆشنى مالتىلاشقا باشلىدى.ئۇ ئىككى يېنىغا، دەرىزە تەكچىسىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرۈتكەندىن كېيىن بىردىنلا گۆش دۆۋىسى ئىچىدىن چوڭراق پارچىلانغان بىر يارتا يوتا گۆشنى ئېلىپ، قولىنى دېرىزە ئەينىكى تەرەپكە قارىتىپ سوزدى. مۇئەللىمنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە بىر خىل تەمە بىلەن زەن سېلىۋاتقان ئاچ قورساق نۇردۇن ئىچ-ئىچىگە ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتقان نەشتەردەك سوغۇقتا بارا-بارا بوشۇشۇپ ھالسىزلىشتىن تۈگۈلگەن كىچىككىنە گەۋدىسىنى دەررۇ رۇسلاپ، توڭلاپ تىترەۋاتقان قولىنى ئۇزاتتى. «تاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئالدىدا دېرىزە ئەينىكى بارلىقى ئىسگە كەلگەن نۇردۇننىڭ زور ئۈمىد بىلەن تەڭلەنگەن بىچارە قوللىرى كەينىگە قايتىپ، ئامالسىز يەنە ئەسلىدىكى جايىنى تاپتى، ئەمما مۇئەللىمى تاكى گۆشنى دېرىزە تەكچىسىنىڭ بۇلۇڭىغا جايلاشتۇرۇپ ئۈستىگە گېزىت پارچىسىنى يېپىپ قويغانغا قەدەر ئەينەك ئىچىدىن تېخىچە سۇغۇرۇلۇپ چىقالمايۋاتقان، ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئۈچۈن پىلىلداپ ئاران قالغان كۆزلىرى بولسا مۇئەللىمى يۇشۇرۇۋاتقان گۆشنى باشقىلاردىن دالدا قىلىش ئۈچۈن دەرىزە پەردىسىنى «شار» قىلىپ يېپىشى بىلەن تەڭ لاپپىدە ئۆچتى ......

-ۋاي نېمە ئىش بۇ، ئاھ خۇدا! پاختىننىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىيالايدىغان خۇدا! قۇدرىتىڭ شۇنچە ئۇلۇغ، كېرەملىرىڭ شۇنچە كەڭ، شۇنچە مېھرىبان تۇرۇپ سۈتتەك پاك، بىۋاقتەك گۇناھسىز بىر نارەسىدىنى ساقلاپ قالالماپسەن ئەمەسمۇ ! ۋاي بالام ، بىچارە بالام، مەن ساڭا ياخشى قارىيالمىدىم بالام! رازى بول بالام ! ! ! ......

سەللە بىلەن قار ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ، يۈزلىرىنى قاماللاپ، ھۆكرەپ نالە قىلىپ يىغلاۋاتقان كىشى دەل بامدات نامىزىدىن يانغان سەمتاخۇن ئىدى. نەشتەردەك سوغۇق ئادەمنىڭ جان جېنىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قابائەتلىك تاڭدا سەمتاخۇن ئادىتى بويىچە ئابلەتنىڭ ھېلىقى ئۆيىنىڭ دېرىزە تۈۋىگە بىر قاراپلا قېلىن قارغا كۆمۈلۈپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، بوغچىسىنى قۇچاقلاپ تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان نۇردۇننى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. سەمتاخۇن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىنى تارتتى، ھەممە ئەزاسى تەڭ تەۋرەندى. دېمەك،ئەمدىلا ئۆملەشتىن ئۆرە بولۇپ، تېخى بوغچىسىنىڭ ئىزىمىسىنىمۇ جايلاشتۇرۇپ ئىتەلمەيدىغان نۇردۇن لەۋلىرى كۆكەرگەن، گۈلئايشەمنى سېغىنىپ ئوچۇق قالغان ئىككى كۆزىدىن تامغان ياش مۇز بولۇپ قاتقان ھالدا ھېلىقى «مۇقۇملۇق-بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەتنامىسى» نى سىقىمدىغىنىچە، رەھىمسىز بۇ ئالەمنىڭ بارلىق ئازاپلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلغان ئىدى...

سەمتاخۇننىڭ ئۈن سېلىپ يىغلىشى بىلەن مەسچىتتىن يانغانلار، مەھەللىدىكىلەر تەرەپ-تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ،مۇزلاپ كەتكەن نۇردۇننى كۆتۈرۈشۈپ دەرۋازا ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.سەمتاخۇن مەسچىتكە ئالدىراپ،ئىچ كۆينەكنىڭ ئۈستىگىلا چىڭ بەلباغلاپ كېيىۋالغان دادىسى رەھمەتلىكتىن قالغان قوي تېرىسىدە تىكىلگەن جۇۋىسىنى سېلىپ نۇردۇننىڭ ئۈستىگە ياپتى.ئىتنىڭ زەنجىرىنى ھېلىلا ئۈزۈۋېتىدىغاندەك جامائەتكە خىرس قىلىپ ۋاڭشىپ بىر ھازا قاۋىشىدىن ئۈيقۇسىنى ئاچقان ئابلەت دەرۋازىدىن چىقىپلا ئەھۋالنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. دەر-غەزەپكە كەلگەن سەمتاخۇن « سەن ھايۋاننى ... »دېگىنىچە ئابلەتنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك سالدى ۋە ئابلەتتىن بويى بىر غېرىچچە ئېگىز، قېرىلىقىغا باقماي بەستىمۇ ئۇنىڭدىن خېلىلا چوڭ كۆرۈنىدىغان سەمتاخۇن قىزىلچىلىق تىقىلغان چوڭ ئورا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ ،ئابلەتنىڭ كۆزىگە ئۇدۇللاشقان ئوچۇق مەيدىسىدىكى چاتقالنى ئەسلىتىدىغان يۇڭلىرىدىنمۇ ئاللا قانداق ۋەھىملەرنى تۇغدۇرۇپ،زەردە بىلەن ئۇنىڭ كانىيىدىن تۇتۇپ بىر ھازا چىڭ سىقىۋەتتى. ھالسىزلىنىپ خورىلداۋاتقان ئابلەتقا بىردىنلا يولۋاستەك سۈرلۈك كۆرۈنگەن سەمتاخۇن قىران چاغلىرىدىكى قارام ھالىتىگەكېلىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.كۆز ئالدىدىكى بۇ رېئاللىقتىن، ئۆزى سەۋەپلىك كېلىپ چىققان پاجىئەدىن خېلىلا چۆچۈگەن ئابلەت بۇ قېتىم سەمتاخۇنغا گەپمۇ، قولمۇ ياندۇرمىدى. گويا بىرى يۆلەپ

تۇرغاندەك،سەمەتاخۇننىڭ قولى كانىيدىن ئاجرىشى بىلەن تەڭ ئابلەت قار ئۇ-ستىگە پالاققىدە يىقىلدى. تېخىچە ئاخشامقى جايىدىن قوزغالمىغان ساشاڭجاڭنىڭ ماشىنىسىنى كۆرگەن سەمەتاخۇن ئۇلارنىڭ ھازىرمۇ مۇشۇ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى پەرەزلىدى ۋە قارغا چىلىشىپ ئولتۇرۇپ قالغان ئابلەتنى دەرۋازىنىڭ ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىۋەتىپلا ئارقىغا يانغان سەمەتاخۇن قىيا ئېچىلغان تۆمۈر دەرۋازانىڭ بىر قانىتىنى زەردە بىلەن ئالدىغا كۇچەپ تارتتى. «داراڭ»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاناتلىرى جۇپلىشىپ، دەرۋازا يېپىلدى. سەمەتاخۇن دەرۋازا ئىچىدىكى ئىلغۇچتىن ئېلىۋالغان قۇلۇپ بىلەن دەرۋازىنى تېشىدىن مەھكەم قۇلۇپلىدى ۋە ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئۆزىگە تىكىلىپ ھەيرانى ھەسلىكتە قېتىپ قالغان جامائەتكە قاراپ :

ــ ھەي، ئەھلى جامائەت! ئاللا يولىدا گۇۋاھ بولۇپ قويۇڭلاركى، ـــ ئاغزىدىن ھاۋاغا تارقىغان ھور تۇمانلىرى ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ-سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك نىدادىن تىترىگەن ئاۋازىدا شۇنداق دەپ گەپ باشلىغان سەمەتاخۇن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى دەرۋازا تەرەپكە قارىتىپ سىلكىپ تۇرۇپ، ــ بۇ ھويلا ئىچىدىكى بىر توپ مۇناپىقلار گۇناھسىز بىر نارىسىدىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى،...رەھمەتلىك قانچىلىك قىيىنچىلىقتا جان بەرگەندۇ... !

ــ ھاي، ھاي جامائەت، ئارقاڭلارغا يېنىڭلار !

مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنى قوشۇپ بىراقلا ھېساپ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرغان دەر غەزەپكە كەلگەن كۆپچىلىك ئورنىدىن قوزغۇلۇپ دەرۋازا تەرەپكە سىغدىلىشى بىلەن تەڭ ھاسىسىنى توكۇلداتقىنىچە توپ ئىچىنى يېرىپ چىققان ئىمام ئاخۇنۇم جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ۋەز سۆزلەشكە باشلىدى .

ــ بەندىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ھەر جاي، ھەر قىسمەتلەردە بولۇشىنى ئاللا ئېگەم ئۇ تۇغۇلۇشىدىلا پىشانىسىگە پۈتىدۇ، ئېگىسىدىن بىقارار قىل تەۋرىمەيدۇ، قازا كەلگەندە ئۇنىڭغا توغرا قاراش جايىزدۇر، ئۇنىڭ سەۋەبىنى مەخلۇقتىن كۆرۈش كۇپۇرلۇقتىن بىشارەتتۇر ...

ــ ئەمىسە سىلىنىڭمۇ ساشاڭجاڭنىڭ پوردىقىنى كۆتۈرۈپ يول خېتى ھەل قىلىپ، ھاجىم بولۇپ بولۇشلىرىنىمۇ ئېگىسى پىشانىللىرىگە پۈتكەن بولغىيمىدى؟ بىلىپ قويسىلا، ئۇنىڭ يېتىم بولۇپ مۇشۇ تەقدىرگە موپىتلا بولۇشى سىلىنىڭ ئەرەمگە يول خېتى ئېلىش ئۈچۈن ئويۇشتۇرغان سورۇنلىرىدىن باشلانغان، بۇنىمۇ ئېگىسى شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغان بولغىيمىدى؟ ئەسكىلىكنى قىلىپ قويۇپ، ئېگىسىگە دۆڭگەپلا قۇتۇلۇش سىلىنىڭچە گۇناھ، كۇپۇرلۇق ھېساپلانماسمۇ ؟!...

ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ سۆزلىگەن تۇتامى يوق ۋەز-نەسھەتلىرىنى ئاڭلاۋېرىشكە تاقەت قىلالمىغان سەمەتاخۇن ئۇنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى جامائەت ئالدىدا ئېچىپ تاشلىدى ۋە چىرايىدا تېخىچە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ئۆچمىگەن جامائەتكە قاراپ سۆزلىدى .

ــ ئاچچىقىڭلارغا ھاي بېرىڭلار،سىلەر پەقەت مۇشۇ ئىشقا گۇۋاھ بولۇپ قويساڭلارلا بولدى،

بۇ نائەھلىلەرنىڭ قىلغان ئەسكىلىكىگە ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە مۇناسىپ جازا بىرىدۇ... شۇنداق قىلىپ سەمتاخۇننىڭ باش بولۇشى، پۈتۈن مەھەللىدىكى جامائەتنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشى قىلىشى بىلەن نۇردۇن شۇ كۈنى چۈشتە يەرلىكىگە قويۇلدى. بۇ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيە-دىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن جامائەت ئابلەت قاتارلىقلارغا لەنەت ئوقۇدى. غۇلغۇلا پاراڭلارئۈزۈلمەي كۈچلۈك جامائەت پىكرى ھاسىل قىلغان بۇ ئىش يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى ۋە شۇ كۈنى كەچكە يېقىن ئابلەت قاتارلىقلار ئېلىپ كېتىلدى. نۇردۇن يەرلىكىدە يېتىپ ئەتىسلا قاتناش مېڭىش مۇمكىن بولمايدىغان قارلىق يولدا سەمتاخۇن ئېشىكىنى قوشۇپ گۈلئايشەمنى ئىزلەپ، مەھەللە-مەھەللىلەردىن، كەنت-كەنتلەردىن، يېزا-قىشلاقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۇنى يىراق بىر يېزىدىكى ھامىسىنىڭ يېنىدىن تېپىپ، ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ھېم ئېتىلگەن دەرۋازىنى سەمتاخۇننىڭ ئېچىشى بىلەن تەڭ ئېسىنى يوقاتقان گۈلئايشەم ھويلىغا كىرىپلا گۈرۈلدەپ يۈگۈرۈپ ھەممە ئۆيلەرگە كىرىپ نۇردۇننى ئىزلىدى، ئەنسىز چاقىردى. تاماكا قالدۇقلىرى، ھاراق شىشىللىرى، سۆڭەك بىلەن تولغان بۇ مۇدھىش ئۆيدىن ھېچكىمنى تاپالمىدى. ھويلىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ قاماللاپ ھۆكۈرەپ يىغلىدى. ئۆيدە يوق ئابلەتنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ «بالامنى تېپىپ بەر» دەپ ئادەمنىڭ يۈرەك-باغرى ئېزىلگۈدەك نىدا قىلىپ ۋارقىردى.خېلى ئۇزۇنغىچە نالە قىلىپ يىغلاپ ماغدۇر-سىزلىنىپ كەتكەن گۈلئايشەم سەمتاخۇننىڭ يالۋۇرۇپ تارتىشتۇرۇشى بىلەن يەسكۈيغا چۈشتى. ئاندىن گۈلئايشەم سەمتاخۇننىڭ ھەمراھلىقىدا نۇردۇننىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپلا سوغۇق قار ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ باغرىنى ياقتى،خام كېسەكتە سىلىنغان قەبرە تويىسىنى تاتىلاپ خېلى بىر ھازاغىچە ھۆكۈرەپ ئەلەملىك ياش تۆكتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي، بوقۇلداپ يىغلاپ كەتكەن سەمتاخۇن تەستە سەۋرى قىلىپ، قەبرە بېشىدا ئولتۇرۇپ قىرائەت قىلىشقا باشلىغاندىلا گۈلئايشەم يىغىدىن توختاپ، سەمتاخۇننىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

قىرائەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ نۇردۇنغا ئۇزۇن دۇئا قىلدى، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىغا ئازراق دان چاچتى.كۆزى كەينىدە قالغان گۈلئايشەمنى سەمتاخۇن يېتىلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ قازادىن يۈركى ئېزىلىپ لەختە بولغان گۈلئايشەم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپمۇ قالدى. ئۇ ئوڭلۇق ئايال پاتەمخاننىڭ كۆيۈنۈپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ئۆرە بولۇپ، ئۆزىنىڭ پاختا تېرىپ تاپقان پۇلىدا جامائەتكە يەتتە نەزرىسىنى بېرىپ، نۇردۇننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن سەمتاخۇن، پاتەمخان ۋە قولۇم قوشنىلار بىلەن خوشلىشىپ، يەنە كۆزى كەينىدە، بۇ مەھەللىدىن ئىككىنچى قېتىم ئايرىلدى.

ئاردىن بىر ھەپتىچە ۋاقىت ئۆتتى. كىشىلەر ئارىسىدا«ئاسىيە يەنە پەيدا بولۇپتۇ» دېگەن پاراڭ تارقالدى. ئەمما ئاسىيەنىڭ قانداق ۋاقىتتا كەلگىنىنى كۆرگەن،تالا-تۈزدە ئۇچۇرۇتۇپ قالغان

بىرمۇ كىشى يوق. بىراق نۇردۇننىڭ ئۆلۈمىنى ئۈزۈتىلگان كۈنى ئاخشىمى سەمتاخۇن دەرۋازىغا سىلىپ قويغان قۇلۇپ چېقىلىپ يول بويىغا تاشلانغان، دەرۋازا ئىچىدىن مەھكەم تاقالغان بولۇپ كەچلىرى ئۆيىنىڭ چىرىقى يېقىلىپ قالاتتى، ئاندا-ساندا دەرۋازا ئالدىدا ماشىنىمۇ پەيدا بولۇپ قالاتتى.دېمەك،ئۇ بۇ مەھەلىگە راستىنلا كەلگەن، قۇچقىدىكى تېخى يېشىغا توشمىغان بالىسىنى نەزەردە تۇتۇپ سوت ئۇنى قويۇپ بەرگەن ئىدى.

ئاردىن يەنە ئون كۈنچە ئۆتتى. بامدات نامزىنى ئوقۇپ بولۇپ مەسچىت ئالدىغا توپلاشقان جامائەت ئارىسىدا «ساشاڭجاڭ تەكشۈرۈلۈش جەريانىدا مىڭىسىگە قان چۈشۈپ جان ئۈزۈپتۇ»، «خوپ بوپتۇ، ئاخىرى بېشىنى يەپتۇ دە ئۇ كاپىر» دېگەندەك پاراڭلار مەسچىتتىن كەينىدىرەك چىقىۋاتقان ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ قۇلىقىغا كىرىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ رەڭگى بىردىنلا ئۆڭدى.

چۈنكى يېقىندىن بىرى جامائەت ئۇنى« قېرىپ قالدى، كۆزىمۇ تازا ياخشى كۆرمەيدۇ، ئايالى رەھمەتلىكتىن ئايرىلغاندىن بىرى مەسچىتنى ئۇنتۇپ،ئۇخلاپ قالدىغان بولۇپ قالدى...» دەپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس سۇنۇپ،ئورنىغا مەزىننى چىقىرىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ شۇ ساشاڭجاڭنىڭ ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىشى بىلەن بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايۋاتاتتى،ھەتتا بۇ گەپلەرنى ئالدىنقى جۈمە نامزىدىن كېيىن ئۆزىگە يۈز تۇرانىمۇ دېگەن، بولۇپمۇ نۇردۇننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن جامائەت ئۇنىڭغا تېخىمۇ تىكىلىۋالغان ئىدى. مۇشۇلار خىيالدىن ئۆتۈپ بىردىنلا ئەندىكىپ كەتكەن ئىمام ئاخۇنۇم مۈزلاپ ئۈيۈپ كەتكەن يولدا ھاسىسىنى توكشىتقىنىچە جامائەت توپىنى بۆسۈپ ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.ئۇ بۇ بىر كۈننى پۈتۈن ئەس-يادى مۇشۇ ئىشتىلا كەچ قىلدى.ھازىرمۇ سوغۇق ئورۇننىڭ ئىچىدە تولغۇلۇپ ياتىدۇ،ھېچبىر كۆزىگە ئۇيقۇ ئىلىنىشدىغاندەك ئەمەس.ئۇ كۆزىنى بىر ھازا چىڭ يۇمۇۋالدى. ئىرماش-چىرماش خىياللار بىلەن پۈتۈن بىر كۈن ئارامىدا تۇرمىغان كاللىسى بارا-بارا بوشۇشۇپ، كالتە ھۆتەل، ئەسنەشلىرى جىمقىپ قالدى ۋە شۇئان ئۆزىنى تىك قىيا ئۈستىدە كۆردى،ئارقىسىدىكى سەمتاخۇن ۋە جامائەت بىردىنلا شىر توپىغا ئايلىنىپ، غەزەپ بىلەن نەرە تارتىپ زوڭزىيىشىپ ئولتۇراتتى،سەكرەي دېسە ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقىدى،كەينىگە ياناي دېسە تېخى،ھۆۋلىغان شىرلار بىردىنلا يۇلغۇنۇپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى...ئۇنى قارا باسقان ئىدى. ئۇ ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ بولۇپ ئىككى يېنىغا ئۈچ قېتىمدىن سۈف-كۆچ قىلدى دە،ئورنىدىن ئىتتىك يېرىم ئۆرە بولۇپ سوغۇق تامغا يۆلەندى. يۈرىكى تۆشنى تىشىپ چىقىدىغاندەك گۈپۈلدەپ،تەنلىرى تىترەپ كەتتى. قورۇلۇپ پىچىم-پىچىم بولۇپ كەتكەن پىشانىسىدە مۇزدەك تەر تامچىللىرى پەيدا بولۇپ،كىچىك تەرىتى ۋىژژىدە قىستىدى. جىددىيلەشكەن ئىمام ئاخۇنۇم ئۆچۈرگۈچنىڭ يىپىغا ئۇلاپ ئۈزارتىپ ، ياستۇق ئاستىغا باسۇرۇۋالغان ئايالىنىڭ كونا روملىنى كۈچەپ شۇنداق تارتىۋىدى«پاس»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆچۈرگۈچ يىپى تۈۋىدىنلا ئۈزۈلۈپ كەتتى. چىراقسىز قالغان ئىمام ئاخۇنۇم ئىشتان

ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى www.uyghurkitap.com

بىغىنى قامالىلغىنىچە ئاستا ئورنىدىن قوزغۇلۇپ،سىلاپ-سىپاپ يۈرۈپ سىرىتقا چىقتى.

يۇلتۇزسىز ئاسمان، قاپقاراڭغۇ تۈن.ھەتتا ھويلا تېمىنىمۇ ئىلغا قىلالمىغان ئىمام ئاخۇنۇم ھازىر ۋاقىتنىڭ قايسى چاغ بولغانلىقىنى، قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىنىمۇ تازا پەرەزلىيەلمىدى. خىيلى بىر كەمگىچە ئۇ سىرىتنى تىڭشاپ تۇردى، يىلىك تېنىگە سوغۇق تىگىپ قىقىلىپ ھۆتۈلۈشىدى، ھويلىسىدىكى جىگدىنىڭ ئاچىسىدا ئارام ئېلىۋاتقان چۆجەخورىزى پالاقشىپ ئۈنى چۆچۈتىپ، ئارقىسىدىنلا يەنە خۇشال قىلىپ قويدى. چۈنكى ئۇ تۇنجى قېتىم چىللىغان، چىللىغاندىمۇ باشلامچى بولۇپ چىللىغان ئىدى. ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ بىر ئوبدان چىللاۋاتقان پاقلاندەك سىمىز ھەم چوڭ خورزى ساشاڭجاڭنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇرۇشى ئۆچۈن زاكوسكا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بازاردىن تېخى ئالدىنقى ھەپتە سېتىۋېلىپ، ئالدىدىن ئاشقۇدەك دان بەرگەن بولسىمۇ،بۇ ئەتىۋارلىق چۆجە خوراز ئۈنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك پەقەتلا چىللىمايۋاتاتتى. مانا توساتتىن چىللىشىدى،ھەممە خورازلار ئەگىشىپ چىللاشقا باشلىدى.قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ خورازنىڭ چىللىشىغا زوقى كېلىپ تۇرۇپ قالغان ئىمام ئاخۇنۇم كۆزىگە مىخ بولۇپ قادالغان ئاشۇ مەزىنىنىڭ قۇلاق مىڭىسىنى يەپ كېتىدىغان ئەزان ئاۋازى چىقىشتىن بۇرۇن مەسچىتكە بېرىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ،ھاسىسىدا يەرنى سىپاپ يۈرۈپ، بۇلۇڭدىكى سۇلياۋ چەينەكنى تاپتى ۋە مۇزدەك سوغۇق سۇدا تاھارەت ئېلىپ، سەللە يۆگەكلىك تومۇقنى چۆكۈرۈپ مەسچىتكە ماڭدى. ئۈنىڭغا تونۇش بولغان خورازلارنىڭ چۇرقىراپ چىللاشلىرى، ئىتلارنىڭ ھوۋلۇپ قاۋاشلىرىدىن يولنى قىياس قىلىپ، سىرىلىپ-دوقۇرۇپ يۈرۈپ مەسچىت ئالدىغا كېلىپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بىردىنلا ئۆزىدىن بىر چامدام ئالدىدا مېڭىۋاتقان ھاسىسى بىر نەرسىگە پۈتلىشىپ قالدى. ئۇ ھاسىسىنى ئالدى-كەينى، ئوڭ-سولغا توكشىتىپ بېقىپ، راستىنلا مەسچىتنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى پەلەمپەيگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى ۋە ھاسىسىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ، ئاستا ئۆمىلەپ پەلەمپەيگە ياماشتى.

ئۇ ئىچىدە ساناپ ھەڭ ئۈستۈنكى پەشتاققا چىقىپ يۆكۈنگىنىچە مەسچىت ئىشىكىگە قول ئۇزاتتى. ئۇزاتتىيۇ، بىردىنلا تىنىقى تىزلىشىپ، ئۇزاتقان قولىنى شاپپىدە تارتىۋالدى ۋە « سۇبھانە ئاللا...سۇف...سۇف...» دېگىنىچە تىترەك ئاۋازىدا ئوڭ، سول تەرىپىگە تۈكۈرۈپ سۇفكۈچ قىلغاچ بىر پەشتاق تۆۋەنگە سىرىلىۋالدى. خىيلىدىن بىرى گۇمانخور بولۇپ قالغان ئىمام ئاخۇنۇم ئۆزىنى بۇنچە قورقىتىۋاتقان ئىشىك تۇۋىدىكى نەرسىنىڭ نېمىلىكى، كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە ئويلاندى. «بۇچوقۇم ئاشۇ قىزىل كۆزمەزىنىنىڭ، يا بولمىسا سەمەت دېگەن جوھۇتنىڭ ماڭا قۇرغان قىلتىقى» دەپ گۇمان قىلغان ئىمام ئاخۇنۇم «قەتئىي قايتىپ كەتسەم بولمايدۇ، غەيرەت قىلاي، سۇبھانە ئاللا، سۇبھانە ئاللا...» دەپ ئۆز-ئۆزىگە شىۋىرلاپ،تېخىچە تىترەشتىن توختىمىغان قولىنى يەنە ئاستا ئۇزۇتۇپ بىردىنلا چۆچۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. يۈركى قېپىدىن سۇغۇرۇلۇپ

گەجگىسىگە چىقىپ قالغاندەك،گۇپۇلدىگەن ئاۋاز قۇلاق تۇۋىدىلا ئاڭلىنىپ، ئۇنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتتى. ھەرە چاققاندەك ۋىژژىدە ئاغرىغان كۆكرىكىنى تۇتقىنىچە تولغۇشۇپ جايىدىلا ئولتۇرۇپ قالغان ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ بۆز رەختتە كەڭ قىلىپ تىكىلگەن ئاق تامبىلى جىگدە يىرىندىسىدەك كۆشىسىز يوتىسىغا مۇزدەك سوغۇق يۆگەشتى. شاۋقۇن چىقىرىپ تىترە-ۋاتقان بارماقلىرىدا ئىغىنى سىلاپ، تەرىتىنىڭ ئاللا بۇرۇن سۇنغانلىقىنى تۇيۇپ قالغان ئىمام ئاخۇنۇم قاردا بولسىمۇ قايتا تاھارەت ئېلىشنى نىيەت قىلىپ ئارقىغا ئۆرۈلىۋىدى، يول تەرەپتە مەزىننىڭ گېلىنى قىرغىنىچە قېلىن قارنى غاراچلىتىپ دەسسەپ كېلىۋاتقان تېۋشى ئاڭلاندى.مەزىننىڭ ئالدىدا«تەرىتىنى تۇتالماس بولۇپ قاپتۇ»دېگەن ئاتاقتا قېلىشتىن ئەنسىرگەن ئىمام ئاخۇنۇم نېمىلا بولمىسۇن مەسچىتكە ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق كىرىۋېلىش ئۇچۇن يەنە ئۆمۈلەپ ئۇستۇنكى پەلەمپەيگە چىقىپلا تۇپتەك تۇرۇپ قالدى. بۇ قېتىم زور غەيرەت بىلەن ئۆزىنىلغان قولىغا ئالدىنقى قېتىمقىغا ئوخشاش مۆشۈكنىڭ دۇمبىسىدەك سىلىق موي ئۇرۇلۇپلا قالماستىن موي ئىچىدە قىمىرلىغان ئەتمۇ تەڭ ئۆرۈلىۋىدى،ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ تىترەك تۇپەيلى شالالىغا يېيىپ قويغان خالتىدەك پالاقشىۋاتقان، نەملىكتىن مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن كەڭ خەسە تامبىلى ئىچىدىكى دىرىلداپ تۇرغان پاچاقلىرى خۇددى توك تەپكەندەك بىردىنلا ئۆرە بولدى. گېلى قۇرۇپ، تىلى تامغىقىغا چاپلىشىپ، سوۋ-كۆچ قىلغۇدەكمۇ ئىمكانى قالمىغان ئىمام ئاخۇنۇم مەسچىت ئىشىكىدە تۇرغان بۇ سىرلىق نەرسىنى چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنىڭ كىچە كۆرگەن چۈشىگە باغلاپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. شۇ ئارىدا ئۇ مەزىننىڭ ئايىغى ئاستىدىكى قارنىڭ ئەنسىز غىرىچلاپ ئۆزىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ، دەرھال ئىشىك ئالدىدىكى ھېلىقى نەرسىنى پەسكە دومىلىتىۋەتمەكچى بولدى ۋە بەلبېغىدىكى ھاسىسىنى ئارا سىپىنى تۇتقاندەك چىڭ قامالاپ تۇتۇپ، ئۇ نەرسىنى كۈچەپ تۈرتىۋىدى، «ۋار» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ «ۋايجان! شىر...» دەپ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئىمام ئاخۇنۇم تىرىكچىدە ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتتى.ئارقا مېڭىسى پەلەمپەينىڭ قىرىغا تېگىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بېشىدىن ئاجرىغان سەللە ئورالغان قارا تۇمۇقى قاردا دومۇلاپ ،ئاپئاق تويچە شەكلىدە مەزىننىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى...ئىمام ئاخۇنۇم شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قارانىيتى سەۋەبلىك بۇ مەھەللىگە ئاپىرىدە بولۇپ، يەنە نۇر-غۇن بالايى-قازانى تۇغقان بىر گۇناھسىز نارىسىدىنىڭ قولىدا جان تەسلىم قىلغان ئىدى...

توڭۇپ يىغلىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغان بوۋاقنى قوينىغا سالغان سەمتاخۇن مىيىت نامىزىغا تۇرمايلا پاتەمخاننى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىۋېتىش نىيىتىدە ئۆيىگە قاراپ كېتىۋېتىپ ئابلەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ قالدى.ھاڭ ئېچىلغان دەرۋازىدىن كىرىپ ھويلا ئىچىدىكى قارغا پېتىپ كەتكەن ماشىنىنىڭ چاق ئىزىغا، ئىچى پۇتۇلەي قۇرۇقدالغان ئۆيلەرگە زەن سالدى. ھويلىدىكى قار ئۇستىگە، سۇپىغا، ئۆينىڭ پەگاسىغا قالايمىقان تاشلانغان نۇردۇننىڭ،

گۈلئايشەمنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى تىرىپ بوغچىلاپ مۆرىسىگە ئالغان سەمتاخۇن قوينىدا ئىسسىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاققا قاراپ ئۆز-ئۆزىگە: «نۇردۇننىڭ،ساشاڭجاڭنىڭ، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ جىنىنى ئېلىپ، ئابلەتنى ۋەيران، گۈلئايشەمنى سەرسان قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا مەندەك بىر يار يۆلەكسىز نامرات بوۋايغا ھەمراھ بولۇشۇڭنى راستىنلا ياراتقان ئىگەم تۆرۈلۈشىڭگىلا پىشانەڭگە پۈتكەن بولغىيمىدى» دەپ بوش ئاۋازدا شىۋىرلىدى ۋە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

* * * *

باھار كەلدى ... مۇشۇنداق باھار ئون قېتىم كېتىپ، يەنە ئون قېتىم كەلدى. ئەمما گۈلئايشەمنىڭ ياشلىق باھارى شۇ كەتكەنچە بىر قېتىممۇ قايتىپ كەلمىدى. گۈلئايشەم ئون يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ كەلمەسكە كەتكەن ئاشۇ قىممەتلىك ياشلىق باھارى، يالقۇنلۇق ھاياتىنىڭ ئىزنالىرى كۆمۈلۈپ ياتقان بۇ زېمىنغا چوڭقۇر سېغىنىش، كۈچلۈك ھاياجان ئىلكىدە يەنە كېلىۋاتىدۇ .

كېلىۋاتقاندىمۇ تۈنجى قېتىم كەلگەندەك توپىلىق چىغىر يولدا پىيادە ئەمەس بەلكى كەڭ ئاسفالت يولدا ماشىنىدا كېلىۋاتىدۇ. ئاخشام يولغا چىققان ماشىنا تاڭ سۈزۈلىشى بىلەن تەڭ مەھەللە ئىچىگە كىرىدىغان دوقمۇشتىن قايرىلدى. مەھەللىدىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى زور، پىششىق خىش قورۇلمىلىق بىخەتەر-ئەمىن ئۆيلەر ئاسفالت يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا شۇنداق ياراشقان، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈل-گىياھلار ئەتراپقا يېقىملىق پۇراق تارقاتقان. نېمىشقىكىن گۈلئايشەم بۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە ھېچبىر پەرۋا قىلمىغاندەك مۇڭغا پېتىپ ئولتۇرماقتا ، ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى تېشىپ ئۆتكەن خىيالچان كۆزلىرىنى يىراق ئۆتمۈشكە تىكىكىنىچە تىنىمسىز تېپىرلاۋاتقان چاڭبىسقان سەزگۈ خاتىرىسىدىن بۇ مەھەللىنىڭ ئاشۇ كونا توپىلىق ھېدىنى ئىزلىمەكتە، خۇددى تاڭ شولىسى تۈن پەردىسىنى ئەمدىلا ئېچىۋاتقانۋاقىتتىكىدەك ئۇنىڭ ئەسلىمە ئېكرانىدىن بۇ مەھەللىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتى ۋە ئەينى چاغدىكى كىشىلەرنىڭ غۇۋا،گۆڭگا كۆل رەڭ سايىللىرى بىر-بىرلەپ ئەگىپ ئۆتمەكتە ئىدى.

مانا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆت كوچا ئېغىزىغا كېلىپ ئادىتى بويىچە سەل پەسلىدى. بىردىنلا ئادىتىنى بۇزۇپ جىددى تورمۇزلىنىپ توختاپ قالدى.

ــ توختاپ قالدىڭىزغۇ؟ تېخى بېرىپ بولالمىدۇق ـــ دېدى خىيال دېڭىزىنىڭ قەھرىدە تۇنجۇققان گۈلئايشەم ماشىنىنىڭ تۇيۇقسىز سىلكىشى بىلەن ھوشىغا كېلىپ .

ــ ھەي، قارىڭە سىزنى ئادەمنى ئەنسىرتىپ، قاياققا قايرىلىمىز دەپ نەچچە قېتىم دېسەم ئاڭلىمىدىڭىز، ـــ دېدى ئۇچىسىغا كاستيۇم بۇرۇلكا، قىسقا قىلىپ ياسىتىۋالغان چېچىنىڭ

ئۇستىگە دوپپا كىيىپ رول تۇتۇپ ئولتۇرغان كىشى قامەتلىك گەۋدىسىنى سەل قىيسايتىپ، نەملەشكەن كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يېنىدا ئولتۇرغان گۈلئايشەم تەرەپكە قارغىنىچە خۇيمۇ ياراشقان قاپقارا بۇرۇتى ئاستىدىكى توم لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ.

ــ سولغا، ئاشۇ جامائەت تويى كۆرۈنگەن تەرەپكە مېڭىڭ.ھېيىت نامىزى ئاشۇ تەرەپتىكى چوڭ مەسچىتتە ئوقۇلىدۇ، ــ دېدى ماشىنىنىڭ ئالدى ئەينىكىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان قەبرىلەرنىڭ ئوتتۇرسىدا قالغان مەسچىتنى يېنىدىكى كىشىگە كۆرستىۋاتقان گۈلئايشەم.

زۇمچەك-زۇمچەك قەبرىلەر، قەبرىلەرنىڭ قات-قاتلىرىدا ھېيتلىق يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ ۋكۇنۇپ ئولتۇرغان، دۇئا قىلىۋاتقان، كۆز يېشى قىلىۋاتقان ئوغۇل-قىز، ئەر-ئايال، بوۋاي-موماي‌لار، چۈڭقۇر مۇسىبەتكە چۆمگەن مەھەللىدىكى بارلىق تونۇش چىراي كىشلەر ... ماشىنىدىن چۈشكەن گۈلئايشەم بىلەن ھېلىقى كىشى ئىككى بالىنى قولىدىن بىردىن تۇتۇپ يېتىلەپ قەبرىستانلىق ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇچىسغا قارا پەلتۇ كەيگەن، بېشىغا ئاق رومال سېلىپ ئىگىكىدىن بوغۇۋشىلىۋالغان گۈلئايشەم نۇردۇننىڭ يەرلىكىگە يېقىنلاشقانسېرى ئىچ-ئىچىدىن قاپساپ كېلىۋاتقان يىغىدىن ئۆزىنى توختىتالماي، خۇددى باچكىسىدىن ئايرىلغان كەپتەردەك ئەلەملىك بۇقۇلداپ كەتتى ۋە بىردىنلا قەدەملىرىنى تېزلىتىپ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ھۆكرىگىنىچە نۇردۇننىڭ تۇپراق بېشىدىكى نەمخۇش قۇمسال تۇپىغا ئۆزىنى تاشلىدى .ئارقا تەرەپتە ئۆزىگە تونۇش قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن پەسكۇيغا چۈشكەن گۈلئايشەم ئۆزىنى رۇسلاپ جايىدىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. قىرائەت قىلىۋاتقان كىشى دەل سەمتاخۇن ئىدى. بىر ھازا سۈكۈتكە چۆمۈپ جىمجىت ئولتۇرغان گۈلئايشەم قىرائەت ئاخىرلىشىپ دۇئادىن كېيىن چۈڭقۇر مۇسىبەت تىقلغان ياش يۇقى كۆزلىرىدە ئارقىسغا زەن سالدى. ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەنلەردىن باشقا بەللىرى سەل مۈكچەيگەن ئەمما خېلىلا تېتىك تۇرغان سەمتاخۇن، ئوبدانلا ياداپ قالغان پاتەمخان ۋە توققۇز-ئون ياش ئەتىراپىدىكى بىر ئوغول بالا قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىسدا رەتلىك تىزىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىر قۇر سالاملاشتى، بىردەم ئۆز-ئاراتىنچ-ئامانلىق سوراشتى. ئاندىن ماشىنا تەرەپكە ماڭغاچ ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەنلەرنى بىر-بىرلەپ ئۇلارغا تونۇشتۇردى .

ــ بۇ كىشى مېنىڭ يولدىشىم، ئىسمى ساتتار ھاجىم، ئۆزى سودىگەر، ماۋۇ چوڭى ئوغلۇم زوردۇن، ماۋۇ كىچىكى بولسا قىزىم زۇلنۇر .

ــ ھاجىم دەك ياخشى بوپتۇ، زوردۇنمۇ چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ مانا.

سەمتاخۇننىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ، گۈلئايشەم ئۇنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ مېڭىۋاتقان ئوغۇل بالىنى كۆرستىپ تۇرۇپ سوردى.

ــ سەمتىكا، مەن بۇ بالىنى ھېچ تونۇيالماي قېلىۋاتىمەنغۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ــ بۇ مېنىڭ ... ھېلىقى ... ئوغلۇم خۇدابەردى، ــ دېدى سەمناخۇن ئىككىنى يول تەرەپكە شىلتىپ، يېنىدىكى گۈلئايشەمنى ئالدىغا قاراشقا ئىما قىلىپ.

گۈلئايشەم ئالدىغا قاراپلا سەمناخۇننىڭ كۆز ئىشارىسىنى چۈشەندى ھەم شۇ قارىغانچە كۆزىنى ئۈزمەي تۈپتەك تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، قەيەردىن پەيدا بولدىكىن 5ـ10 ماشىدامچە يىراقلىقتا باش كىيىمى يوق، ئاقارغان چاچ ـ ساقاللىرى ئۈسكىلەك ھەم رەتسىز كىيىم ـ كېچەكلىرىنى تويپا باسقان ئابلەت «ساشاگجاك كەپتۇ، ساشاگجاك كەپتۇ، ھا، ھا، ھا... » دەپ كىچىك باللاردەك قىقاس سېلىپ كۆلگىنچە كېلەگسىز گەۋدىسىنى لەپپەگشىتىپ ماشىنىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، پالاقشىپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

بىردە يۈگۈرۈپ بىردە توپا يەردە يۇمۇلاپ يۈرگەن ئابلەت بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقان كىچىك بالىدەك بىردىنلا يۈگۈرۈپ كېلىپ سەمناخۇننىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى. سەمناخۇننىڭ مۈرىسىدىن بېشىنى قىيا چىقىرىۋالغان ئابلەتنىڭ قىپقىزىل كۆزلىرىدە ئۆزلىرىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باللار چۇرقۇرشىپ ماشىنىغا چىقىپ، ئىشىكنى يېپىۋېلىشتى.

ــ بۇ... بۇ ئابلەتقۇ؟ ــ دېدى ماشىنىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ قالغان گۈلئايشەم ھەيرانلىق ئىلكىدە، ئابلەتنىڭ كىيىملىرىدىكى توپىنى قېقىشتۇرۇۋاتقان سەمناخۇنغا قاراپ.

ــ شۇنداق قىزىم، بۇ بالا تېخى يېقىندىلا قويۇپ بېرىلگەن ئىدى، شۇ يامان ئادەملەرنىڭ كەينىگە كىرىپ، «ھەممىنى ھەل قىلىمەن» دەپ يۈرۈپ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنىڭ جازاسىمىكىن، ئوبدانلا بىر بالا ئۆزىچە مۇشۇنداق بولۇپ قېلىۋاتىدىغۇ تاڭ، مانا ھازىر ئۇششاق باللارمۇ چالما ئېتىپ قوغلاپ يۈرۈيدۇ بۇ بالام بىچارىنى ...

مۇشۇلارنى دېيىشىپ تاڭ شەبنەمدەك يالتىرىغان سۈزۈك بىر تامچە ياش سەمناخۇننىڭ تورغاق قوۋزىقىدەك يېرىك مەڭزىدە سىماپتەك لىغىرلاپ، بىردىنلا يول ـ يول قورۇقلارنىڭ ئاراشلىرىدا ئېقىن ھاسىل قىلىپ ئانا زېمىننىڭ باغرىغا قاراپ ئاقتى...

بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئانىسىدىن ئەگەشكەن كىچىك بالىدەك ماشىنا ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئابلەتنى ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى يولنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكتىن كۆرگەن، سەمناخۇنلار بىلەن خوشلىشىپ ئەمدىلا 30ـ40مېتىرچە ئۈزىغان گۈلئايشەم چۈشۈرۈلگەن ماشىنا ئەينىكىدىن زور غەيرەتكە كېلىپ يەنە بىر قېتىم بېشىنى قىيا چىقىرىشى بىلەن تەڭ بىر تامچە ياش ئۇنىڭ كۆز قارچۇقىدىن ئۈزۈلۈپ، ئۇيۇقنى يېرىپ ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قوياش نۇرىدا يالتى قىلىپلا ئانا زېمىننىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى...

سەمناخۇن بىلەن گۈلئايشەمنىڭ كۆزلىرىدىن ساقىغان ياش تامچىسىدىكى پارلاپ تۇرغىنى بولسا ئوخشاشلا شام كەبى شەخسىيەتسىز ھايات، ئېقىۋاتقىنى بولسا ئالەمچە مېھرى ـ مۇھەببەت

ئەدى ...